# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

2000·7



تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى پىشتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى





مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىن مەيدانى

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 - يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 - يىغىنى بەش كۈن داۋام قىلىپ، 2 - ئىيۇن ئاخىرلاشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىش توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللاندى؛ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش نىزامى (تۈزىتىلمىسى)»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش قائىدىسى (تۈزىتىلمىسى)» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى ماقۇللاندى.

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى



مۇئاۋىن مۇدىر ماجيەنگو كومىتېت ئەزالىرى بىلەن بىللە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش قائىدىسى (تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھە) نى قاراپ چىقتى.



مۇدىر ھامىدىن نىياز ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىندىن تەيىنلەنگەن مۇئاۋىن باش كاتىپى ۋەھەممەت رەجەپكە تەيىنلىنامە تارقىتىپ بەردى.



دائىمىي كومىتېت ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى گۇرۇپپا يىغىنىدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.



[illegible]



[illegible]

# «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسى بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلايلى

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

باش شۇجى جياڭ زېمىن گۇاڭدۇڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگودىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى-نىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە باشتىن ئاخىر ۋەكىللىك قىلىشى، جۇڭگودىكى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە باشتىن ئاخىر ۋەكىللىك قىلىشى، جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە باشتىن ئاخىر ۋەكىللىك قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكىلەر «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يېڭى تارىخىي دەۋردە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئىشەنچىسىنى ۋە كۈچىنى ئاشۇردى. شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى ئۆگىنىشنىڭ داۋاملىق چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى بۇرۇلۇش بولىدۇ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلىدۇ، شىنجاڭ يېپيېڭى قىياپەت بىلەن يېڭى ئەسىرگە كىرىدۇ.

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تارىخقا ۋارىسلىق قىلىپ، رېئاللىققا چىڭ تۇرۇپ، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاپ، ئۈمىدكە ۋە خىرىسقا تولغان 21 - ئەسىردە قانداق پارتىيە قۇرۇش ۋە پارتىيىنى قانداق قۇرۇش توغرىسىدىكى زور مەسىلىگە جاۋاب بەردى. بۇ مۇھىم بايان پارتىيىمىزنىڭ پارتىيە قۇرۇش ئاساسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇلى، كۈچ مەنبەسى، بۇ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسىدۇر.

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسى بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا، ئالدى بىلەن پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ مول ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتە، پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن خەلق دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، تۈزۈم ۋە قانۇن جەھەتتە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىش تەشەببۇسىنى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ قانۇنىي تەرتىپى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى بارلىق خەلقنىڭ ھەرىكەت مىزانى ۋە ئورتاق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم.

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا خەلق قۇرۇلتىيىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر، ئورگان خىزمەتچىلىرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى ئاڭلىق ھالدا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىدىيىۋى نەزەرىيە ساپاسىنى، سىياسەت سەۋىيىسىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن تونۇشىشى ۋە ئۇنى ئىگىلىۋېلىشى، قەتئىي قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئىش قىلىشى لازىم. پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن تولۇق خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىيىتىگە بويسۇندۇرۇپ ۋە خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇشى لازىم. نۆۋەتتە، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتەك تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنى ئېچىشنى پۇختا، ئۈنۈملۈك قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ساغلام يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسى بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدىن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملار بولۇپ، ئۇلار خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. ئۇلار خەلق ئاممىسى ئارىسىدا يىلتىز تارتقان، خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقە باغلىغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئەمەلىيەتچىلىرى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللەرنى پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ئەستايىدىل تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا تىرىشىپ شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى، ئۇلارنى باشتىن ئاخىر ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئاممىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلدۇرۇشى لازىم. ۋەكىللەرنىڭ ئەھۋاللارنى ۋە مەمۇرىيەتنى بىلىپ تۇرۇشىغا پائال ياردەملىشىپ، ۋەكىللەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ مۇھىم ئىدىيىسى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى ئەسىردە يېڭى ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش نىشانىنى كۆرسىتىپ بەردى. شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكىلەر «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئىگىلىۋالىدىغانلا بولسا، خىزمەتتە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، تارىخ يۈكلىگەن بۇرچىنى ئادا قىلىپ، شىنجاڭنى قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشالايدۇ.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

(ئايلىق ژۇرنال) (月刊)
2000 - يىل 7 - سان
(ئومۇمىي 208 - سان) (20 - يىل نەشرى)
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسى نەشر قىلدى
ئىدارە باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگابىلى

**ئوبزور**

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسى بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلايلى
ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى .................................................. ( 1 )

**رەھبەرلەرنىڭ سۆزى**

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، غەربىي رايوننى
كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتايلى.................... ھامىدىن نىياز ( 4 )

**مەخسۇس خەۋەر**

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئەزالىرى سۆھبەت ئۆتكۈزدى.............
.................................................. بەن يۇڭفاڭ ( 13 )

**يەرلىك نىزام**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش نىزامى ............( 14 )

**بىلىم كۆزنىكى**

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق ................... ( 22 )

**مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر**

يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى
توغرىسىدا .................................................ئابدۇكېرىم يۈسۈپ ( 33 )

## قانۇن تەتقىقاتى

ئىقتىسادىي توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى توغرىسىدا............ رىيھان نىياز ( 41 )

كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ياخشى ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان بىر قانچە مەسىلە ................................گۈجىنچى ( 43 )

## خىزمەت تەتقىقاتى

ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ......... لى شۇفېڭ، فىن خۇيچىڭ ( 50 )

خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنىمۇ دائىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم ..............................................مۇھەممەدىن نەسرىددىن ( 52 )

## مۇلاھىزە

« ھاكىمىيەت » بىلەن « ھوقۇق » ھەققىدە .............................. ئەنۋەر غۇلام ( 53 )

## جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش

ئۇ راستىنلا « ياش كەتتى » مۇ؟............................. ئابلىكىم خېۋىر ( 58 )

## قايغۇلۇق خەۋەر

يولداش ئابدۇرېھىم لېتىپ ۋاپات بولدى .................................( 59 )

## خەۋەرلەر

ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك « خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىق قىلىنغان ياخشى خەۋەرلەر»نى باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى قاتارلىق ئالتە پارچە قىسقا خەۋەر ..............................( 61 )



بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە

نەشر قىلىنىدۇ

ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

تېكىستى: شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللارسانائىتى شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 ـ 1166 / D

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58

پوچتا نومۇرى: 830000

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 ـ قورۇ

تېلېفون 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتايلى

ھامىدىن نىياز



ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 - يىغىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. بۇ، دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ بۇ يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى مۇھىم بىر نۇقتا، شۇنداقلا دائىمىي كومىتېتىمىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن قوللانغان مۇھىم تەدبىر. بۇ ئىككى دوكلاتنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش ھەققىدە قارار چىقىرىشتىكى مەقسىتىمىز مۇنداق: يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نامى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتى، دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا ئىشلىگەن جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش؛ ھەر دەرىجىلىك ج خ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇھىم تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە، بولۇپمۇ زوراۋان، تېررورچى جىنايەتچىلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە ئاساسىي قانۇننىڭ ئىززىتىنى قوغداش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش يولىدىكى كەسكىن ھەرىكىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىردەك

ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ ياراتقان، مىللەتلەر ئىناق، جەمئىيەت مۇقىم بولغان، ئىقتىساد ئۇدا، ساغلام راۋاجلانغان، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغان ياخشى ۋەزىيىتىمىزنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە، ھەر دەرىجىلىك ج خ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ ۋە مەدەت بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى مۇقىملىقنى قوغداش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدىكى ئەمەلىي خىزمەتكە تېخىمۇ ياخشى ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش.

قارار ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي تەشكىلاتلار، كادىرلار ۋە ئاممىنى بۇ قارارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە پائال تەشكىللىشى ھەمدە ئۆزىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەقىقىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك. ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا، بولۇپمۇ دېھقان، چارۋىچىلارغا بولغان تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، قارارنىڭ ئاساسىي روھى ۋە مەزمۇنىنى ئاممىغا ئەينەن يەتكۈزۈپ، ھەر بىر پۇقرانىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قارارنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئۆگىنىشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا يۈكلەنگەن مەسئۇلىيىتى بويىچە، خىزمەتلەرنى ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت بۇ زور مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكار ئىشلىشى ھەمدە تەڭ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ قارارنىڭ روھىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك.

قارارنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەن تۆۋەندە بىر قانچە پىكىرىمنى تەكىتلەپ ئۆتىمەن.

***1. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئىتتىپاق، مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇش***

قاراردا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى جەھەتتىكى ۋەزىيىتىگە يۈكسەك باھا بېرىلدى. بۇ باھا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى دوكلاتى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ دائىمىي كومىتېتنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى ئوبيېكتىپ تەھلىل ۋە تەتقىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئورتاق تونۇشى. شۇڭا بۇ باھانى ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەنگەن، جايىدا بولغان باھا، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ چوڭ ئىش قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بولۇپمۇ يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان، مەركىزىي كومىتېتنىڭ 7 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلىرىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر قولدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى

تۇتۇپ، يەنە بىر قولدا بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قاتارلىق جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش خىزمىتىنى تۇتۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىغا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتى ھەققىدە بوشاشماي تەربىيە بەردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى ئۇدا 18 يىل قانات يايدۇردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار ئورۇن بەرپا قىلىش ۋە ئۇلارنى تەقدىرلەش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى، مىللەتلەر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇلغان، مول مەزمۇنغا ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىنغان بولغاچقا، «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن قاراش كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، مىللەتلەر بىر-بىرىگە ئىشىنىدىغان، بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، بىر-بىرىنى قوللايدىغان، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىدىغان، بىر-بىرىنى چۈشىنىدىغان كەيپىيات شەكىللەندى، مىللەتلەر قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولدى، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىش جەمئىيىتىمىزنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى بولۇپ قالدى. ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتە، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش مەخسۇس كۈرىشى تەشكىللىنىپ، رەھبەرلىكى بولغان ھالدا قانات يايدۇرۇلدى، «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلدى، دىن ئىشلىرى قانۇن بويىچە باشقۇرۇلدى، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەيۋىسى قاتتىق سۇندۇرۇلدى، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەر قانۇن بويىچە جازالاندى، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر چەكلەندى، كۈرەشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى پۇختا ئىگىلەندى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى ياخشى كاپالەتلەندۈرۈلدى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن تىنچ ئىجتىمائىي شارائىت يارىتىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلغان ۋە ئۇنىڭغا باھا بەرگەندە، ئالدى بىلەن ئاساسىي ئېقىمغا قارىشىمىز كېرەك. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق بولۇشى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولۇشى نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىز ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى. بۇ گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان ئوبيېكتىپ پاكىت. باشقا جايلاردىن شىنجاڭغا كېلىپ سودا قىلىۋاتقان، ئولتۇراقلىشىپ ياشاۋاتقانلارمۇ ئومۇميۈزلۈك ھالدا شىنجاڭنىڭ ئامانلىق ئەھۋالىنى بىر قەدەر ياخشى دەپ قارىماقتا. لېكىن، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت تىنچ بولۇۋاتقان ئاساسىي ئېقىم ئاستىدا، ھەقىقەتەنمۇ كىچىككىنە بىر يوشۇرۇن ئېقىم بار. ھازىر ئاز ساندىكى جايلاردا قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر قايتا-قايتا چەكلەنسىمۇ توختىمايۋاتىدۇ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىنغا بەرگەن دوكلاتىدا كۆرسەتكەن پاكىتلار ئاپتونوم رايونىمىزدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ يەنىلا ئىنتايىن كەسكىن ئىكەنلىكىنى، مۇقىملىقنى قوغداش ۋەزىپىمىزنىڭ ئىنتايىن جاپالىق ئىكەنلىكىنى، كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەت، مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى، بەزىدە ھەتتا ئىنتايىن ئۆتكۈر بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

50 يىلدىن بۇيانقى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئەمەلىيىتىمىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەردىن كېلىدۇ» دېگەن ھۆكۈمىنىڭ ئىنتايىن دانا ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇپ، دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئە-

تىكە، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە، شۇنداقلا ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىكى ھەرقايسى مىللەت ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. قەدىمكى ۋە ھازىرقى تارىخ، جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ تارىخى بىزگە مۇنداق بىر ئەقىللىي قائىدىنى ئۇقتۇرىدۇكى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ھەر بىر دۆلەت، ھەر بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي تېپىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مىللەتلەرنىڭ پارچىلىنىشى مۇقەررەر ھالدا ئىجتىمائىي داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ، مالىمانچىلىق، ھەتتا ئۇرۇش پەيدا قىلىدۇ. ھازىر دۇنيادىكى بەزى دۆلەتلەر مىللىي ماجىرا تۈپەيلىدىن ئاخىردا ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالغان، دۆلەت پارچىلىنىپ كەتكەن، خەلق سەرسان - سەرگەردان بولغان قانلىق ساۋاقنى ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلاپ، ئەينەك قىلىشىمىز كېرەك.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش، ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئارزۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولماقتا. بولۇپمۇ يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقان ئەھۋالدا، بۇنداق ئارزۇ تېخىمۇ جىددىي بولماقتا. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقىنى كىچىكلىتىپ، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان غەمخورلۇقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش تەدبىرلىرىنىڭ تەدرىجىي يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت شىنجاڭنى سىياسەت ۋە مەبلەغ جەھەتتە يۆلەش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدۇ، بۇ شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئىشىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىدۇ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرىدۇ. لېكىن، شىنجاڭنىڭ ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، دۆلەت ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ قوللىشىغىلا تايىنىش بىلەن ئىقتىسادنى تېز يۈكسەلدۈرۈش تەس. شۇڭا ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشىمىزگە، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشىمىزغا، شۇنداقلا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە قۇرۇلۇش مەبلىغى، ئىلغار تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىق باشقۇرغۇچىلارنى پائال كىرگۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ۋاھالەنكى، ئىجتىمائىي مۇھىت مۇقىم بولمىسا، بۇلارنى قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ۋە ياخشى قىلغىلى بولمايدۇ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، غالجىرلىق بىلەن خەنزۇلارغا قارشى تۇردى، خەنزۇلارنى چەتكە قاقتى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى مىللەتلەرنىڭ ئىناق - ئىتتىپاق مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىش، ئىلگىرىلەش نىشانىغا يېتىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنداق جىنايى مەقسەت ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە، ھەر بىر پۇقرانىڭ جانجان مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە ھەرقانداق كىشى ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدۇ، مۇرەسسە قىلىش ۋە چېكىنىش ئىمكانىيىتى يوق. ھەممەيلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قەدىرلىشىمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى بوشاشماي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئالدىدا، بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق خىزمەتلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر، ھەرقايسى مىللەتلەر، ئارمىيە بىلەن خەلق، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، يەرلىك بىلەن بىڭتۈەن ئوت-

تۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە پۇرسەت بەرمەسلىكىمىز كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ زىيىنىنى تولۇق تونۇپ، مەيدانىمىز مۇستەھكەم، بايرىقىمىز روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئاكتىپ، تەشەببۇسكار ھالدا بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملار كۈرەشنىڭ 1 ـ سېپىدە تۇرۇپ، كۈرەشنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك.

*2. غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، خەلقنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش سېپىنى مۇستەھكەملەش ۋە زورايتىش*

بۆلگۈنچىلىك قىلىپ، خەلق بىلەن دۈشمەنلەشكۈچىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، ئۇلار جەزمەن مەغلۇب بولىدۇ. بۇ — ئوبيېكتىپ تارىخىي قانۇنىيەت. ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلىپ، تارىخنىڭ ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، خەلق تەرىپىدىن تۈكۈرۈپ تاشلىنىدۇ، تارىخنىڭ جازاسىغا تارتىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلغان كاتتىۋاشلار ئاخىر ھامان شەرمەندە ئاقىۋەتكە قالغان. بىز بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ زىيىنىنى ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى تولۇق تونۇشىمىز، لېكىن، بۆلگۈنچىلەرنىڭ كۈچىنىمۇ زىيادە يۇقىرى چاغلىماسلىقىمىز كېرەك. بۆلگۈنچىلىك مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلار ھامان ئىنتايىن ئاز سانلىق كىشىلەر. بىر دۆلەت، بىر مىللەت ئىچىدىن بىر نەچچە مۇناپىق چىقىپ، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، ئۇ پۈتۈن ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئومۇمىيىتىنى تەۋرىتەلمەيدۇ، شۇ دۆلەت، شۇ مىللەتنىڭ ئوبرازىغىمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، قەتئىي كۈرەش قىلىدىغانلا بولسا، ھەرقانداق بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. بىز پارتىيىنىڭ قۇدرەتلىك رەھبەرلىكىگە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىگە ئىگە، ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىدىغان سىياسىي ئاساسقا ئىگە. دۆلىتىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان كۈچلۈك ماددىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ قالدى، خەلق دېموكراتىيىسى ـ دىكتاتۇرىسى بىزگە قۇدرەتلىك كاپالەت بولىدۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان قۇدرەتلىك خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەرقانداق بۆلگۈنچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىقنى جەزمەن بىتچىت قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدۇ، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە. ئۇلار تارىختا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشتا ئىشەنچلىك كۈچ بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىگە قەتئىي ئىشىنىش ۋە ئۇلارغا تايىنىش — مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە رىئايە قىلىشىمىزغا تېگىشلىك ئاساسىي فاڭجېن. شىنجاڭدا مىللەت ۋە دىن ئەھۋالى ئالاھىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلغاندا «مىللەت»، «دىن» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۆز بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى چەك ـ چېگرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدۇ، ئاممىنى ئازدۇرىدۇ. بىز بۇ نەيرەڭگە قارشى يول تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتى، دىن سىياسىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ ۋە ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسەت ئارقىلىق ئاممىنى تەربىيىلەپ، يېتەكلەپ ۋە تەسىرلەندۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق تونۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن چەك ـ چېگرىنى ئېنىق ئايرىشقا ئىمكانىيەت يارىتىشىمىز كېرەك. ھەممىيلەنگە مەلۇمكى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان،

پارتىيىمىز مىللەتلەر ھەردەك باراۋەر بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورناتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى جۇڭگونىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق تارىخىدا بولۇپ باقمىغان ئەڭ ياخشى سىياسەتتۇر، دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتىگە سېلىشتۇرغاندىمۇ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان سىياسەتتۇر. بىز پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىنى، ئەۋزەللىكىنى داغدۇغىلىق، مەردانىلىك بىلەن تەشۋىق قىلىشىمىز، مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىنى تەشۋىق قىلىپلا قالماي، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تارىختىن قېپقالغان قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش يولىدا ئىشلىگەن نۇرغۇن ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىشلىرىنى تەشۋىق قىلىشىمىز، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ۋە ئىچىملىك سۇنى ياخشىلىشىغا مەدەت بەرگەنلىكى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋە قۇملۇق تاشيولىنى ياساپ خەلققە بەخت ياراتقانلىقى، كەڭ كۆلەمدە نېفىت چارلاپ ۋە ئېچىپ شۇ يەردىكى ئاممىغا زور ئەمەلىي نەپ يەتكۈزگەنلىكى قاتارلىق جانلىق پاكىتلار ئارقىلىق، ئاممىغا تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىشلەپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، جان - دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقىگە خىزمەت قىلىشى، تىرىشىپ ئاممىنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىشى لازىم. ئاممىۋى قاراشنى مۇستەھكەم تىكلەپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، مادارىمىزغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئاممىنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى تولۇق ئويلىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن قىلىپ بەرمەكچى بولغان ياخشى ئىشنى ئوبدان، پۇختا قىلىشىمىز كېرەك. كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشنى قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى ئېنىق ئايرىش كېرەك. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى، ئاممىنىڭ ئارىسىدىكى ماجىرالارنى پرىنسىپقا كۆتۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ھادىسىلەرنى كۆرمەسكە سېلىپ يۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاممىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرغىلى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرغىلى ۋە ئۇلارغا زەربە بەرگىلى بولىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: پۇقرالار دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ — پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنىڭ يادروسى. پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىشىمىز لازىم، يەنى پۇقرالار دىنغا ئېتىقاد قىلسا بولىدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلمىسىمۇ بولىدۇ؛ پۇقرالار بۇنداق دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە، ئۇنداق دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە. لېكىن، مەيلى قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىشتىن قەتئىينەزەر، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە پائالىيەت قىلىشى شەرت، ھېچقايسىسىدا قانۇندىن ھالقىغان ئىمتىياز يوق، ھېچقايسىسىنىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، مائارىپ قاتارلىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ، باشقا پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى يەتكۈزۈشكە، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىگە تەسىر يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ، ھەممىسى چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىنى توسۇشى شەرت. پارتىيىمىزنىڭ دىن سىياسىتى تامامەن توغرا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۇنى ياخشى ئىزچىللاشتۇردى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىنى قوغدايدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىش پۇقرا-

لارنىڭ خۇسۇسىي ئىشى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى
پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا
قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن
بىرگە، قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنىمۇ ئۈستىگە
ئېلىشى كېرەك. ئەڭ ئەقەللىي بىر تەلەپ — ۋەتەننى
سۆيۈش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى، جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىش.
بۇ — ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ھەر بىر جۇڭگو
پۇقراسى ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت. قانۇنسىز
دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، دىندىن پايدىلى-
نىپ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلىش، كومپار-
تىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە
قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، دۆ-
لەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش قاتارلىقلار دىن
كاتېگورىيىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ، قانۇنغا
خىلاپ ئېغىر جىنايى قىلمىش ھېسابلىنىدۇ. بىز پار-
تىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىل-
لاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرى ۋە ئاپتونوم
رايوننىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامىغا ئاساسەن،
دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتى-
شىمىز كېرەك. نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن
بويىچە قوغداش، قانۇن دائىرىسىدىن ھالقىغان دىنىي
پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە توسۇش ۋە ئەمەلدىن قالدۇ-
رۇش، دىننى نىقاب قىلىپ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچى-
لىق قىلغانلارغا قانۇن بويىچە قەتئىي زەربە بېرىش ئار-
قىلىق، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى تەربىيىلەپ
ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈن-
چىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت بەر-
مەسلىك كېرەك.

***3. دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە جامائەت خەۋپ-
سىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنى
قانۇن بويىچە جازالاپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن-
لارنىڭ ئىززىتىنى قوغداش***

جىنايەتكە زەربە بېرىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش،
تۇرمۇش تەرتىپىنى قوغداش، خەلق ئاممىسىنىڭ خا-
تىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش —
ئاساسىي قانۇن ھەر دەرىجىلىك ج خ، ئەدلىيە ئورگان-
لىرىغا يۈكلىگەن شەرەپلىك مەسئۇلىيەت، پارتىيە ۋە
خەلق ئۇلارغا تاپشۇرغان مۇقەددەس ۋەزىپە. مىللىي
بۆلگۈنچىلەرنىڭ تاپانچىلىرى، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر-
نىڭ كاتتىۋاشلىرى ۋە زوراۋان، تېررورچى جىنايەتچىلەر
دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ئېنىق بەلگى-
لەنگەن دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە جامائەت خەۋپسىزلى-
كىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزىدىغان جىنايەتچىلەردۇر، ئۇ-
لارغا قەتئىي زەربە بېرىش، قىلچە يۇمشاق قولluق
قىلماسلىق كېرەك. دۈشمەنگە قارشى ئۇزاق مۇددەتلىك
كۈرەشتە ھەر دەرىجىلىك ج خ كادىر - ساقچىلىرى جا-
پا - مۇشەققەتتىن باش تارتماي، قۇربان بېرىشتىن
قورقماي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش يولىدا
ئۆچمەس تۆھپە قوشتى، بەزىلىرى ھەتتا قىممەتلىك
ھاياتىنى قۇربان قىلدى. بۇ بىزنىڭ ج خ كادىر - ساق-
چىلىرىمىزنىڭ خەلقنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى دېگەن
نامغا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. بۇ-
نىڭدىن كېيىن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىپى-
مىز يەنىلا ئىنتايىن جاپالىق بولىدۇ، ھەر دەرىجىلىك ج
خ كادىر - ساقچىلىرىنىڭ ۋە ئەدلىيە ئورگىنىدىكى خا-
دىملارنىڭ خەلقنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ،
ئۇدا جەڭ قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، «تەشەب-
بۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش، بايقالغان ھامان
زەربە بېرىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن ئاتا قىل-
غان خەلقنى قوغداش، جىنايەتكە زەربە بېرىش فۇنك-
سىيىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى
مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق
ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي بىتچىت قىلىپ، دۆلەت خەۋپ-
سىزلىكى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكىگە ئېغىر خەۋپ
يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنى پاش قىلىش ۋە سوتلاش
خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، بىرمۇ جىنايەتچىنى قانۇننىڭ
جازاسىدىن قاچۇرۇپ قويماي، جەمئىيەت مۇقىم بولغان،
ئىقتىساد تەرەققىي تاپقان، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتقان
ۋەزىيىتىمىزنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا
يېڭى تۆھپە يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاپتونوم را-
يوندىكى ھەر مىللەت ئاممىسى دۆلەتنىڭ، مىللەتلەر-
نىڭ مەنپەئەتى ۋە ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئە-
تىنى ئاساس قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش،
مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىك،
بۇزغۇنچىلىققا قارشى كۈرەش قىلىش مەسئۇلىيىتىنى

ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ج خ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىگە پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەدەت بېرىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، جىنايەتچىلەر ۋە جىنايى ھەرىكەتلەرنى پاش قىلىپ، ھەر بىر پۇقرا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى ياخشى ئادا قىلىشى كېرەك. قانۇن ـ نىزاملارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، قانۇنغا رىئايە قىلىش بىلەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، جىنايەت بىلەن جىنايەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى چەك ـ چېگرىنى ئېنىق ئايرىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ پايدىلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشى، جىنايەتچىلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىش ۋە يوشۇرۇش تۈپەيلىدىن تېگىشلىك قانۇنىي جازاغا تارتىلغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىشنى قىلماسلىقى لازىم.

***4. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىدىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش***

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى — ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملارنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان دېموكراتىيە ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە ئورتاق ئارزۇسىغا ساداقەتلىك بىلەن ۋەكىللىك قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن ھوقۇقنى ياخشى يۈرگۈزۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىدە تېخىمۇ زور رول ئوينىشى كېرەك. دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتە ئېنىق بەلگىلىمىلەر بار. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتتىكى يەرلىك نىزاملارنى ۋاقتىدا تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ھەر خىل جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە تېخىمۇ قاتتىق زەربە بېرىشنى كونكرېت ۋە ئېنىق قانۇن ئاساسىغا ئىگە قىلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تەڭ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ ئالاقىدار خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ مۇقىملىقنى قوغداشقا ئائىت چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە ۋاقتى ـ ۋاقتىدا قارار، بېكىتمە چىقىرىشى كېرەك. كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك شەكىللىرىنى قوللىنىپ، ج خ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ دىكتاتۇرا فۇنكسىيىسىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، دۈشمەنگە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك زەربە بېرىپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى ھەم تىنچ تۇرمۇشىنى قوغدىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ ۋە مەدەت بېرىپ، تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قانۇنچىلىق تەشۋىق ـ تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى قانۇننى بىلىدىغان، قانۇننى چۈشىنىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، قانۇن قورالى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان، تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان قىلىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلق ئارىسىدىن كېلىدۇ، خەلققە ۋەكىللىك قىلىدۇ، خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا نەمۇنىچى بولۇشى كېرەك. ۋەكىللەر قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ۋەكىللىك مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملار ۋە پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتى، دىن سىياسىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئەتراپىدىكى ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش مەيدانىدا ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىدە ئاڭلىق چىڭ تۇرۇپ،

مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى
كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ،
جەمئىيەتتىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، ئاممىنىڭ سادا-
سىغا قۇلاق سېلىپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى ئىنكاس قى-
لىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىزمەتنى ياخ-
شىلاپ، مۇقىملىقنى قوغداشقا دائىر سىياسەت، تەد-
بىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە ياردەم ۋە مەدەت بېرىشى
كېرەك. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەر مىللەتتىن سايلىنىپ چىققان،
ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ ۋەكىللىك قى-
لىشى ۋە ئۇنى قوغدىشى، تېخىمۇ مۇھىمى پۈتۈن ئاپ-
تونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپە-
ئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئورتاق مەنپەئىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ
ئىشلىشى كېرەك. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپە-
ئىتىگە تاقىلىدىغان چوڭ ھەق - چوڭ ناھەق ئالدىدا،
خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى تۇرۇقلۇق پوزىتسىيىسى ئې-
نىق بولمىسا، يۈرەكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋە-
كىللىك بۇرچىنى ئادا قىلىشقا، مىللىي بۆلگۈنچى-
لىككە قارشى كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىسا ياكى
شۇنداق قىلىشنى خالىمىسا، ئۇ ھالدا خەلق قۇرۇلتىيى
ۋەكىلى بولۇش سالاھىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ. بۇنداق
ۋەكىلنى قانۇن بويىچە ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇش كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى پارتىيە خىزمىتىنىڭ
مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دە-
رىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە ھەر دەرىجى-
لىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە،
بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، مۇقىملىقنى قوغ-
داشقا ئائىت خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.
يېقىندا باش شۇجى جياڭ زېمىن «ئۈچكە ۋەكىللىك
قىلىش» تىن ئىبارەت مۇھىم ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى
، يەنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگودىكى
ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋە-
كىللىك قىلىدۇ، جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ
ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ،
جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە سا-
دىقلىق بىلەن ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ مۇپەسسەل ھۆكۈم
روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە كۈچلۈك نەزەرىيە، ئەمە-
لىيەت خاراكتېرىگە ھەم قاراتمىلىققا ئىگە. بۇ — پار-
تىيىنىڭ خاراكتېرى، تۈپ مەقسىتى، تارىخىي ۋەز-
پىسى ئۈستىدە چىقىرىلغان يېڭى يەكۈن، ماركسىزم-
لىق پارتىيە قۇرۇش تەلىماتىغا قوشۇلغان يېڭى تەرەق-
قىيات، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى
ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا قويۇلغان يېڭى تەلەپ. ئاپتونوم
رايوندىكى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت
ئورگىنى بولغان ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە
ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى، ھەر دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبى-
دىكىلەر، بولۇپمۇ ۋەكىللەر، كومىتېت ئەزالىرى ئى-
چىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى باش شۇجى جياڭ زېمى-
نىڭ تەلىپى بويىچە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى را-
ۋاجلاندۇرۇش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغ-
داش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە
قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ
مۇھىملىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تونۇپ، ئاپتونوم رايو-
نىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتى
ئۈچۈن تېخىمۇ ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىز-
مەت قىلىشى كېرەك.

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتې-
گىيىسىنى يولغا قويۇش شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا
تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەت ياراتتى، شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقىگە گۈزەل تەرەققىيات ئىستىقبالىنى
كۆرسەتتى. باش شۇجى جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ
ئۇيۇشۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە،
مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ۋە قانۇننىڭ ئىززىتىنى
قوغداش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقىنى قەتئىي كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك-
كە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىج-
تىمائىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنى
تېز گۈللەندۈرۈش، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار تە-
رەققىيات نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش
قىلايلى.

**(بۇ مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ ئاپتونوم را-
يونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى-
نىڭ 16 - يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ قىسقار-
تىلمىسى)**

# ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنچىدىكى ئەزالىرى سۆھبەت ئۆتكۈزدى

## «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ تەلىپى بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورۇنچىدىكى ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خەلچەم ئىسلام سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى ئۆگىنىش ماتېرىيالىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەندىن كېيىن ئابدۇرېھىم رەجەپ، جاڭ جياباۋ، يەن خۇجۇڭ، ھەسەن خەمىتباي قاتارلىق كومىتېت ئەزالىرى پىكىر بايان قىلدى. ئۇلار بىردەك: جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانى پارتىيە قۇرۇشنىڭ ئاساسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئۇلى، كۈچ مەنبەسى، بۇندىن كېيىنكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ مۇھىم ھەرىكەت پروگراممىسى، دەپ قارىدى. كومىتېت ئەزالىرى بۇندىن كېيىن «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ تەلىپى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىدىغانلىقىنى ۋە ھەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

خەلچەم ئىسلام تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى باشتىن ئاخىر ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە كومىتېت ئەزالىرىمۇ خەلق، ئۇلار خەلققە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنداقلا خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقىلىشىشتەك ئۈستۈنلۈككە ئىگە. ھەر بىر ۋەكىل ۋە كومىتېت ئەزاسى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن ۋەكىللەر قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ۋەكىللىك بۇرچىنى ئادا قىلىشى، ھەر مىللەت ئاممىسىغا ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملار ۋە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىشى، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداش مەيدانىدا تۇرۇپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، ئاممىنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىشى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىشى ۋە ئۇلارنى قوللىشى لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە كومىتېت ئەزالىرى ھەرقايسى مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان، ئۇلار ھەم ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ، ھەم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر، بولۇپمۇ كومىتېت ئەزالىرى ئىچىدىكى پارتىيىلىكلەر باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ تەلىپى بويىچە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىيىتى ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىزمەت قىلىشى لازىم. خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ياخشى قوغداش — كومىتېت ئەزالىرىدىن ۋەكىللەر ۋە ئامما بىلەن بولغان ئالاقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى، ئاممىنىڭ سادا ـ سىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئىنكاس قىلىشنى، قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، زىددىيەتنى پەسەيتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى، كۆپچىلىكنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشنى، قوغداشنى، ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يەن يۇڭفاڭ



نۇرگۈل كېرەم تەرجىمىسى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككە ،خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش نىزامى

(1994 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان ، 2000 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 ـ يىغىنىدا تۈزىتىلدى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى

(9 — 22 ـ نومۇرلۇق)

*«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككە ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش نىزامى» 2000 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 ـ يىغىنىدا تۈزىتىلىپ ماقۇللاندى . تۈزىتىلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككە ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش نىزامى» ئېلان قىلىندى ، 2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ .*

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

2000 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

## 1 ـ باب ئومۇمىي پرىنسىپ

1 ـ ماددا بۇ نىزام شەھەر ، يېزىلاردىكى يەككە ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ، قانۇن بويىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەقسىتىدە ، ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

2 ـ ماددا يەككە ، خۇسۇسىي ئىگىلىك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، باشقا مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك بىلەن باراۋەر رىقابەتلىشىدۇ ، ئورتاق راۋاجلىنىدۇ.

3 ـ ماددا يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ ، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئۇنىڭغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

4 ـ ماددا يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار تىجارەتتە قانۇنغا ، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ۋە كەسىپ ئەخلاقىغا رىئايە قىلىشى ، دۆلەت مەنپەئەتى ، جەمئىيەت مەنپەئەتى ۋە باشقىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك.

5 ـ ماددا بۇ نىزامنى يولغا قويۇشقا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەسئۇل بولىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يەككە ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى ، ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ يەككە ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى يۆلەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشىگە تەشكىللاتچىلىق ، ھەيدەكچىلىك قىلىشى ، يەككە ، خۇسۇسىي ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى چوڭ ـ چوڭ مە-

سىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشى، ئادىل رىقابەت مۇھىتى يارىتىشى، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا پائال ئىلھام بېرىشى، يېتەكچىلىك قىلىشى، مەدەت بېرىشى كېرەك.

بۇ نىزامنى كونكرېت يولغا قويۇشقا ھەر دەرىجىلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى مەسئۇل بولىدۇ. ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتى بويىچە، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تىجارىتىگە قانۇن بويىچە يېتەكچىلىك مۇلازىمىتى قىلىدۇ ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرىدۇ، باشقۇرىدۇ.

6 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى، يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيەتلىرى ۋە خۇسۇسىي كارخانا جەمئىيەتلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە، خۇسۇسىي كارخانىلارغا مۇلازىملىق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، ئۇلارغا ۋەتەننى سۆيۈش، كەسىپنى قەدىرلەش، قانۇنغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ. يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ساغلام راۋاجلىنىشقا يېتەكلەيدۇ.

## 2 ـ باب يۆلەش، مۇلازىملىق ۋە باشقۇرۇش

7 ـ ماددا تولۇق ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر يەككە تىجارەت قىلىشنى، خۇسۇسىي كارخانا ئېچىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، قانۇن ـ نىزاملاردا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

8 ـ ماددا يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىشتە دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار قانۇن ـ نىزاملاردا مەنئى قىلىنمىغان تاۋار ئىشلەپچىقارسا، كەسىپ ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ. ئىلتىماس قىلغانلاردىن شەرتى توشقان ۋە رەسمىيەت بېجىرگەنلىرىگە سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى 15 كۈن ئىچىدە تىزىملاپ، تىجارەت كىنىشكىسى بېرىشى كېرەك.

بازارغا كىرىشتە قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا بەلگىلەنگەن شەرتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەرقانداق تارماقنىڭ مەخسۇس تەستىقى ۋە ئىجازىتىنى يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارغا تىزىملاپ كىنىشكا بېجىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىشقا بىردەك يول قويۇلمايدۇ. قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە مەخسۇس تەستىقلىتىش ياكى ئىجازەتنامە ئېلىش زۆرۈر بولغانلىرىنىڭ رەسمىيىتىنى ئالاقىدار تارماقلار ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە ئۆتەپ بېرىشى؛ ئۆتىگىلى بولمايدىغانلىرىغا سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشى ھەمدە ئىلتىماس قىلغۇچىغا يازما ئۇقتۇرۇش قىلىشى كېرەك.

باشقا ئۆلكە، رايونلاردىن ئاپتونوم رايونىمىزغا يەككە، خۇسۇسىي تىجارەت قىلىشقا كەلگەنلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارغا ئائىت تۈرلۈك ئېتىبار مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

9 ـ ماددا يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تىجارەت قىلىش ۋە پەن ـ تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇچۇر مۇلازىملىقى، ئاھالىلەر تۇرمۇش مۇلازىملىقى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇلازىملىقى شۇنىڭدەك بايلىق ئېچىش، ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ.

10 ـ ماددا يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنى، كوللېكتىپ كارخانىلارنى ھۆددىگە، ئىجارىگە ئېلىشى، قوشۇۋېلىشى، سېتىۋېلىشى، پاي قوشۇشى، پاي كونترول قىلىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ؛ تۈرلۈك مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ پاي تۈزۈمىدىكى شىركەت ۋە كارخانىلار گۇرۇھىنى قۇرۇشقا قاتنىشىشىغا ياكى تەشەببۇس قىلىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇلار دۆلەتنىڭ پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارغا ئالاقىدار سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن

بولىدۇ.

11 - ماددا يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ چېگرا سىرتىدىن مەبلەغ، ئىلغار تېخنىكا ۋە ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى كىرگۈزۈشكە، چېگرا سىرتىدا سودا قىلىشقا، كارخانا ئېچىشقا؛ شىائىگاڭلىق، ئاۋمېنلىق ۋە تەيۋەنلىك سودىگەرلەر شۇنىڭدەك چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن شېرىكلىشىپ، ھەمكارلىشىپ كارخانا ئېچىشقا ئىلھام بېرىلىدۇ.

12 - ماددا يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى كىرگۈزۈپ، ئىلغار تېخنىكىنى قوللىنىپ، تېخنىكىلىق يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ۋە مەھسۇلاتنىڭ پەن - تېخنىكا سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانا قۇرۇشقا، تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىلھام بېرىلىدۇ.

13 - ماددا ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ خۇسۇسىي كارخانا قۇرۇش، يەككە تىجارەت قىلىش ياكى يەككە سودا - سانائەتچىلەر، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىشلىشىگە ئىلھام بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىستاژى، ئارخىپى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ. يۇقىرىقى خادىملاردىن نوپۇسى شەھەر - بازاردا ئەمەسلىرىنىڭ نوپۇسىنى شەھەر - بازار نوپۇسىغا ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

14 - ماددا يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار چېگرا سودىسى ۋە ساياھەت سودىسىنى يولغا قويسا بولىدۇ، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سودا ھوقۇقى بار شىركەتلەر بىلەن بىرلىشىپ ياكى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلىپ، چېگرا سودىسى ياكى خەلقئارا سودا قىلسا بولىدۇ؛ شەرتكە توشىدىغانلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت سودا ھوقۇقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار ئاچقان بازار دۆلەتنىڭ تاۋار پورتى شەرتىگە ئۇيغۇن كەلسە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن 2 - دەرىجىلىك دۆلەت پورتى تەسىس قىلسا بولىدۇ.

15 - ماددا يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىشقا ئېھتىياجلىق يەرنى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى پىلانىغا كىرگۈزۈپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار قانۇن بويىچە ئېرىشكەن يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا بولمايدۇ. دۆلەت قۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ، يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى مۇددەتتىن بۇرۇن قايتۇرۇۋېلىش ياكى يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىلكىدىكى ئىمارەت ۋە قوشۇمچە نەرسىلەرنى چېقىش - كۆچۈرۈشكە توغرا كەلسە، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تۆلەم بېرىدۇ.

16 - ماددا يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىدىن قەرز پۇل ئېلىشتا، دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلار بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتى، كرېدىت پرىنسىپى ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا پۇل مۇئامىلە ئۇچۇرى مەسلىھەتى بېرىدۇ، يېتەكچىلىك قىلىدۇ، پەن - تېخنىكا سالمىقى يۇقىرى، بازار ئۇنۇمى ياخشىلىرىنى ئالدىن يۆلەيدۇ.

17 - ماددا يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان باج سوممىسىنى مۇۋاپىق بېكىتىپ، قانۇن ۋە نىسبەت بويىچە ئېلىش كېرەك.

يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە باج كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

18 - ماددا يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار قانۇن - نىزاملار ۋە گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە تاپشۇرىدىغان ھەر خىل مەجبۇرىي ھەق، فوند، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلى ۋە ئەزالىق بەدىلىنى باجدىن بۇرۇن

چىقىم قىلسا بولىدۇ.

يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار بەرگەن سودا ـ سانائەت بىر تۇتاش تالونى ئاتچوت ئىسپاتى قىلىنىدۇ.

19 ـ ماددا يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىدىكىلەر سودا، ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش، قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلىنىش، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) يالغۇز ياكى كوللېكتىپ چىقىشقا توغرا كەلسە، شۇ جايدىكى ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى ج خ تارمىقى چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش گۇۋاھنامىسىنى ۋاقتىدا بېرىشى كېرەك.

20 ـ ماددا يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىدىن كەسپىي ماھارەت سالاھىيىتىنى بېكىتىش ياكى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋان سالاھىيىتى ئىمتىھانىغا، باھالاشقا قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلغانلىرىنىڭ رەسمىيىتىنى ئالاقىدار تارماقلار بەلگىلىمە بويىچە ۋاقتىدا بېجىرىپ بېرىشى كېرەك.

21 ـ ماددا يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار مەھسۇلاتىنى باھالاش، ياخشىسىنى تاللاش، كۆرگەزمە قىلىش، ئىمپورت ـ ئېكسپورتتا تاموژنىغا مەلۇم قىلىش ۋە پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىلتىماس قىلىش ئىشىدا دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلار بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئالاقىدار تارماقلار بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ، بېجىرىپ بېرىدۇ.

خۇسۇسىي پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات تۈرلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا، ئالاقىدار تارماقلار ئۇلارغا دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، مەبلەغ جەھەتتىن زۆرۈر مەدەت بېرىشى كېرەك.

يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار يېڭى مەھسۇلات يارىتىشتا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار ئېتىبار مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

22 ـ ماددا يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى ۋە ئىجازەتنامىسىنى گۇۋاھنامە بەرگەن تارماقتىن باشقا ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ تارتىۋېلىشىغا ياكى بىكار قىلىشىغا بولمايدۇ.

ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ گۇۋاھنامىسىنى يىللىق تەكشۈرگەندە، قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمىدىن سىرت قوشۇمچە شەرت قويسا بولمايدۇ.

23 ـ ماددا ناھىيە دەرىجىلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنى يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە ۋاقىتلىق تىجارەت كىنىشكىسى بېرىشنى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتىغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. چەت ـ ياقا، قاتناش قولايسىز جايلاردا يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە تىجارەت كىنىشكىسى بېرىشنى ناھىيە دەرىجىلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتىغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

رويخەتكە ئالدۇرغان دەسمايىسى 500 مىڭ يۈەنگە يەتمەيدىغان خۇسۇسىي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغانلاردىن رويخەتكە ئالدۇرغان دەسمايىسىنى بىر قېتىمدىلا نەقلەشتۈرۈشى قىيىن بولغانلىرى، ئىككى يىل ئىچىدە مۇددەتكە بۆلۈپ نەقلەشتۈرسە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، تاۋار توپ ـ پارچە سېتىشنى ئاساس قىلغان شىركەتلەرنىڭ دەسلەپتە چىقىرىدىغان مەبلىغى 50 مىڭ يۈەندىن كەم بولماسلىقى، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات، مەسلىھەت، مۇلازىمىلىق شىركىتىنىڭ دەسلەپتە چىقىرىدىغان مەبلىغى 20 مىڭ يۈەندىن كەم بولماسلىقى كېرەك. رويخەتكە ئالدۇرغىنىغا بىر يىل توشقاندا، دەسمايىسىنىڭ 50% ىنىڭ ئارتۇقراقىنى نەقلەشتۈرۈشى كېرەك.

خۇسۇسىي كارخانىلار كارخانىلار گۇرۇھى قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلسا، شەرتنى مۇۋاپىق كەڭ قويۇ-

ۋېتىشكە بولىدۇ. ئانا شىركەتنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان كاپىتالى 30 مىليون يۈەندىن كەم بولماسلىقى، بالا شىركەتتى ئۈچتىن كۆپ بولۇشى، رويخەتكە ئالدۇرغان ئومۇمىي كاپىتالى 60 مىليون يۈەندىن كەم بولماسلىقى كېرەك.

24 ـ ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ئېتىراپ قىلغان نامرات ئائىلىلەرنىڭ يەككە تىجارەت قىلغانلىرىدىن ئۈچ يىلغىچە ھېچقانداق مەمۇرىي ھەق ئېلىنمايدۇ؛ خۇسۇسىي كارخانىلار قوبۇل قىلغان نامرات ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتى % 30 تىن ئاشسا، بىر يىلغىچە ھېچقانداق مەمۇرىي ھەق ئېلىنمايدۇ؛ %50 تىن ئاشسا، ئىككى يىلغىچە ھېچقانداق مەمۇرىي ھەق ئېلىنمايدۇ.

يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار «ئۈچ كېرەكسىز» نى ئاساسلىق خام ئەشيا قىلىپ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات پايدىسى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىدىن تاپقان پايدىسىدىن ئۈچ يىلغىچە تاپاۋەت بېجى ئېلىنمايدۇ.

25 ـ ماددا ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن مەسلىھەتى، كەسىپ سىياستى، مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، سۈپەت كاپالىتى، مۇھىت ئاسراش، ئەمگەك ـ كادىرلار ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇلازىمەت قىلىپ، ئىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئاشكارىلىشى، تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇشى، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

26 ـ ماددا قانۇن ـ نىزام ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مالىيە، باھا مەسئۇل تارمىقى بېكىتكەن، ئېلان قىلغان مەمۇرىي قائىدە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان مەمۇرىي قائىدە، بەلگىلىمىلەردىكى ھەق تۈرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى شۇنىڭدەك ئەدلىيە ئورگانلىرى ھەق تۈرلىرىنى تەسىس قىلماسلىقى، سېلىشتۇرۇش، ياخشىسىنى تاللاش، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش باھانىسى بىلەن يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن ھەق ئالماسلىقى، باشقىچە يول بىلەن ھەق ئالماسلىقى ياكى ياردەم تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك.

يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار ئالدىنقى تارماقتىكىدىن باشقا ھەر خىل ھەق، ياردەم ۋە سېلىقلارنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخس يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنى ئاكسىيە ئېلىشقا ۋە كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشقا زورلىسا ياكى باشقىچە يول بىلەن زورلىسا بولمايدۇ.

27 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن ھەق ئېچىشتا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسى» نى كۆرسىتىشى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە تارمىقى بىر تۇتاش باستۇرغان ھەق ئېلىش تالونى بېرىشى ھەمدە «يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ھەق تاپشۇرۇش تىزىمى»، «كارخانىلار ھەق تاپشۇرۇش تىزىمى» غا ھەق ئېلىش تۈرى، سوممىسى، ھەق ئالغان ئورۇن ۋە ھەق ئالغۇچىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئەينەن يېزىشى كېرەك. ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسىنى كۆرسەتمىگەن، ھەقنى ئۆلچەم بويىچە ئالمىغان، تالون يازمىغان ياكى بەلگىلىمە بويىچە تولدۇرمىغانلارغا يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار تاپشۇرۇشنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

28 ـ ماددا مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە خۇسۇسىي كارخانىلارنى تەكشۈرۈشتە، ئاۋۋال تەكشۈرۈش پىلانىنى ئۈتتۈرىغا قويۇشى ھەمدە تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن تارماق ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقنىڭ ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك؛ تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئەمەلىي، راست، ئېنىق تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەمدە بەلگىلەنگەن تارماق ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك تارماققا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك.

بىر مەمۇرىي تارماق بىر خۇسۇسىي كارخانىنى

يىلدا بىر قېتىمدىن ئارتۇق تەكشۈرمەسلىكى كېرەك. قانۇن - نىزاملاردا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

## 3 - باب هوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت

29 - ماددا يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار تۆۋەندىكى هوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ:

(1) قانۇنلۇق مال - مۈلۈككە قانۇن بويىچە ئىگىدارلىق قىلىش، ئىشلىتىش، مەنپەئەتلىنىش، بىر تەرەپ قىلىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش؛

(2) تەستىقلاپ تىزىملانغان دائىرىدە قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش؛

(3) تەستىق بىلەن تىزىملانغان نامى، دۇكان نامى ۋە رويخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسىدىن مەخسۇس پايدىلىنىش؛

(4) ئىشلەپچىقىرىشقا، تىجارەتكە ئىشلىتىشنى ئىلتىماس قىلىپ ئالغان يەردىن پايدىلىنىش؛

(5) دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە مەھسۇلات باھاسى ۋە مۇلازىمەت ھەققى ئۆلچىمىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىش؛

(6) توختامنى قانۇن بويىچە تۈزۈش، ئىجرا قىلىش، ئۆزگەرتىش ياكى بىكار قىلىش؛

(7) كارخانىدا ئاپپارات تەسىس قىلىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قانۇن بويىچە تەكلىپ قىلىش ۋە بوشىتىش؛

(8) كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ۋە پايدا تەقسىمات شەكلىنى قانۇن بويىچە بېكىتىش؛

(9) كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى ئىلتىماس قىلىش ۋە باھالىتىش؛

(10) پاتېنت هوقۇقى ۋە باشقا بىلىم مۈلۈك هوقۇقلىرىغا قانۇن بويىچە ئېرىشىش؛

(11) دۆلەت ۋە يەرلىك پەن تەتقىقات، تەرەققىيات تۈرلىرىنى ئىلتىماس قىلىش، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەلۇم قىلىش؛

(12) سودا مەخپىيىتىنى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچراتماسلىق؛

(13) كارخانىنىڭ تىزىمىنى ئۆزگەرتىش، تىجارەتنى، ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىش، ئۇنى تارقىتىۋېتىش، ئۇنىڭ ۋەيران بولۇشىنى ئىلتىماس قىلىش؛

(14) قانۇنسىز ھەق، تەكرار ھەق ۋە سېلىقلارنى توسۇش، رەت قىلىش ۋە پاش قىلىش؛

(15) قانۇن - نىزاملاردا بېرىلگەن باشقا هوقۇقلار.

30 - ماددا يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردا ئىشلەۋاتقانلار ئىلغارلارنى باھالاش، ھەربىيگە قاتنىشىش، ئوقۇشقا كىرىش ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا قاتنىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن ئوخشاش هوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ پەرزەنتى ئوقۇشقا، يەسلىگە كىرسە، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە يەسلىلەر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھەق ئېلىشى، ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈۋالماسلىقى كېرەك.

31 - ماددا يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار ھەم ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇنىي هوقۇق - مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىغاندا ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا ئەرز - شىكايەت قىلىشقا هوقۇقلۇق، ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئەرز - شىكايەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، 30 كۈن ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىشى ھەمدە ئەرز - شىكايەت قىلغۇچىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك؛ يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار خەلق سوت مەھكىمىسىگە قانۇن بويىچە بىۋاسىتە دەۋا قىلىشىمۇ بولىدۇ.

32 - ماددا يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار تۆۋەندىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك:

(1) قانۇن - نىزام، مەمۇرىي قائىدىلەرگە رىئايە

قىلىش، قانۇن بويىچە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارمىقىنىڭ قانۇن بويىچە باشقۇرۇشى ۋە جامائەتنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش؛

(2) قانۇن بويىچە باج تاپشۇرۇش، قانۇن - نىزام، مەمۇرىي قائىدىلەردىكى بەلگىلىمە بويىچە ئالاقىدار ھەقلەرنى تاپشۇرۇش؛

(3) ئىچكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە مالىيە، ئىشچى ئىشلىتىش، ئىشلەپچىقىرىش، سۈپەت، مۇھىت ئاسراش، ئەمگەك، مائاش، ئەمگەك مۇھاپىزىتى، بىخەتەرلىك، تازىلىق تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش؛

(4) توختامنى ئاڭلىق ئىجرا قىلىش؛

(5) ئادىل رىقابەتلىشىش، سەممىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش، كەسىپ ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش؛

(6) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش؛

(7) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كەسىپ ئەخلاقى تەربىيىسى ۋە ئىش ئورنى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ساپاسىنى ئۆستۈرۈش؛

(8) ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن قانۇن بويىچە ئەمگەك توختامى تۈزۈش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى ۋاقتىدا، تولۇق بېرىش، ئۇلارنىڭ دەم ئېلىش، ئارام ئېلىش، ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئالاھىدە قوغدىنىش قاتارلىق ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ھەمدە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئۇلارغا ياشانغانلار سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئىشلىرىنى بېجىرىپ بېرىش؛

(9) تەبىئىي مۇھىت ۋە تەبىئىي بايلىقنى ئاسراش؛

(10) قانۇن - نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا مەجبۇرىيەتلەر.

## 4 - باب مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش

33 - ماددا يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن مۇشۇ نىزامغا رىئايە قىلىپ، تۆۋەندىكىدەك گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقانلارنى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى ياكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەقدىرلەيدۇ ياكى مۇكاپاتلايدۇ:

(1) قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، بەلگىلىمە بويىچە باج تاپشۇرۇش، قانۇنلۇق تىجارەت قىلىش جەھەتتە ئۈلگىلىك رولى گەۋدىلىك بولغانلار؛

(2) يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، تاشقى پېرېۋوت يارىتىش جەھەتتە گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقانلار؛

(3) نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ۋە شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا زور تۆھپە قوشقانلار؛

(4) يېڭى، داڭلىق ۋە سۈپەتلىك مەھسۇلات يارىتىشتا گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقانلار؛

(5) ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلار.

34 - ماددا دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەشكىللەتچىلىك، يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش جەھەتتە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلارنى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياكى ئالاقىدار تارماقلار تەقدىرلەيدۇ ياكى مۇكاپاتلايدۇ.

35 - ماددا يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ قانۇنسىز ياكى ناتوغرا تىجارەت قىلغانلىرىنى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ياكى باشقا ئالاقىدار تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىگە بىنائەن قانۇن بويىچە جازالايدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

36 - ماددا ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى بىلەن قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورۇن ۋە تەشكىلاتلار شۇنىڭدەك ئەدلىيە ئورگانلىرى ھەم ئۇنىڭ خادىملىرىدىن مۇشۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى ئىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىنى ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل

خادىمغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ:

(1) يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنى ئاكسىيە سېتىۋېلىشقا ۋە كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشقا زورلاش ياكى باشقىچە يول بىلەن زورلاش؛

(2) يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن قانۇنغا خىلاپ ھەق ئېلىش ياكى ياردەم تەلەپ قىلىش؛

(3) يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتىنى باھالاش، ياخشىسىنى تاللاش، كۆرگەزمىگە قويۇش، ئىمپورت ـ ئېكسپورتتا تاموژنىغا مەلۇم قىلىش ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاش، چېگرىدىن چىقىش ـ كىرىش گۇۋاھنامىسى بېجىرىش ئىشلىرىدا باھانە كۆرسىتىپ، بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ، سەۋەبسىز كەينىگە سۆرەش ۋە باشقا شەكىللەر بىلەن قىيناش؛

(4) بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا كارخانىلارغا بېرىپ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تەكشۈرۈش؛

(5) رويخەتكە ئېلىش، ئىجازەتنامە بېرىش، كىنىشكىنى يىللىق تەكشۈرۈشتە قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەردىن سىرت شەرت قويۇش، ۋاقتىدا بېجىرمەسلىك؛

(6) ھەق ئالغاندا ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسىنى كۆرسەتمەسلىك، ھەقنى ئۆلچەم بويىچە ئالماسلىق، تالون بەرمەسلىك، «يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ھەق تاپشۇرۇش تىزىمى» ۋە «كارخانىلار ھەق تاپشۇرۇش تىزىمى» نى ئەينەن تولدۇرماسلىق؛

(7) تىجارەت كىنىشكىسى ۋە ئىجازەتنامىسى ھوقۇقىدىن ھالقىپ تارتىۋېلىش، بىكار قىلىش؛

(8) يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ قانۇنلۇق مال ـ مۈلكىنى قانۇنسىز پېچەتلەش، تارتىۋېلىش، توڭلىتىۋېتىش، مۇسادىرە قىلىش؛

(9) يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ مەبلىغى، ئەشياسىنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش؛

(10) يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئەرز ـ شىكايىتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە بىر تەرەپ قىلماسلىق؛

(11) خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ نەپسانىيەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلىپ، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە زىيان سېلىش.

37 ـ ماددا يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار ئالاقىدار تارماقلارنىڭ جازا قارارىغا قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

38 ـ ماددا ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا تەسىس قىلىپ، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن ھەق ئېلىنسا ياكى ئۇلارغا سېلىق سېلىنسا، باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى، بىر دەرىجە يۇقىرى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ياكى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىكار قىلىدۇ، تولۇق قايتۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ ھەمدە ئاساسلىق مەسئۇل خادىمغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

39 ـ ماددا ئەرز ـ شىكايەت قىلغۇچىلاردىن ئۆچ ئالغانلارنى ئىشلىيدىغان ئورنى ياكى مەمۇرىي تەپتىش ئورگىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

## 5 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ

40 ـ ماددا بۇ نىزام 2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

**12 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مەلۇم سە-
ۋەب بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىگە قات-
نىشالمىسا رۇخسەت سورىشى كېرەكمۇ - يوق؟**

ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ 21 - ماددىسىدا: «ناھىيە دە-
رىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتاي-
لىرىنىڭ ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى
بويىچە، شۇ دەرىجىلىك ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك دۆلەت
ئورگانلىرىنىڭ ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىنى
كۆزدىن كەچۈرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىدە،
خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىر تۇتاش ئورۇنلاش-
تۇرغان كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىگە قاتنىشىشى
كېرەكلىكى قانۇن جەھەتتىن بەلگىلەنگەن. 1994 -
يىل 11 - ئايدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى بېسىپ تارقاتقان مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى-
نىڭ يىغىلىپ كۆزدىن كەچۈرۈشى توغرىسىدىكى ئۇق-
تۇرۇشىدا: «ۋەكىللەرنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيى-
تىگە قاتنىشىشى ھەم ۋەكىللەرنىڭ ئەھۋال ئىگىلى-
شىدىكى مۇھىم شەكىل، شۇنداقلا ۋەكىللەر خىزمى-
تىدىكى بىر مۇھىم مەزمۇن. ۋەكىللەر قېرى، ئاجىز،
كېسەل، ھەرىكەت قىلىشى قولايسىز بولۇپ ياكى چەت
ئەلگە چىقىش، تاشقى ئىشلار پائالىيىتىگە ۋە مەركەز
ئاچقان مۇھىم يىغىنلارغا قاتنىشىش سەۋەبىدىن رۇخ-
سەت سوراپ، كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناش-
مىغاندىن باشقا، ئادەتتە، ھەممىسى قاتنىشىشى كې-
رەك» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خەلق قۇرۇلتىيى
ۋەكىللىرى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بىر تۇتاش ئورۇنلاش-
تۇرۇلغان كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىگە قاتنىشالمى-
سا، مەلۇم شەكىللەر بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتىدىن رۇخسەت سورىشى كېرەك. چۈنكى (1)
ۋەكىللەرنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا نەمۇنىلىك
بىلەن رىئايە قىلىشى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ
يولغا قويۇلۇشىغا ياردەملىشىشى لازىملىقى قانۇندا بەل-
گىلەنگەن. ۋەكىللەرنىڭ بۇ مەجبۇرىيىتىدىن قارىغاندا،
ۋەكىللەر قانۇندا بەلگىلەنگەن، خەلق قۇرۇلتىيى دائى-
مىي كومىتېتى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان كۆزدىن
كەچۈرۈش پائالىيىتىگە قاتنىشىشى، ئەگەر مەلۇم سە-
ۋەب بىلەن قاتنىشالمىسا، رۇخسەت سورىشى كېرەك.
(2) قانۇندا: ۋەكىللەرنىڭ ئەسلىدىكى سايلام رايونى يا-
كى ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇن ۋە ئامما بىلەن زىچ ئالاقە
باغلاش، ئۇلارنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى ئاڭلاش ۋە
ئىنكاس قىلىش مەجبۇرىيىتى بار، دەپ بەلگىلەنگەن.
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىر تۇتاش ئو-
رۇنلاشتۇرغان كۆزدىن كەچۈرۈشمۇ ۋەكىللەرنىڭ بۇ
مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشىدىكى مۇھىم شەكىل. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن ۋەكىللەر مەلۇم سەۋەب بىلەن يىغىنغا قات-
نىشالمىسا رۇخسەت سورىشى كېرەك. (3) ئەمەلىي
خىزمەتلەردىن قارىغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى كۆزدىن
كەچۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرغاندا، تەييارلىق خىزمەتلىرىنى
ئالدىن ئىشلەيدۇ، كۆزدىن كەچۈرۈلىدىغان ئورۇنلارمۇ
بەزى مۇناسىپ تەييارلىقلارنى قىلىدۇ. ئەگەر ۋەكىللەر
مەلۇم سەۋەب بىلەن قاتنىشالمىسا ھەم رۇخسەت سورى-
مىسا، كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەش خىزمىتىگە
مەلۇم قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشى، ئادەم ۋە ماددىي جە-
ھەتتىمۇ ئىسراپچىلىق پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

قىسقىسى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى
ۋەكىللىرى ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىچىدە تەشەببۇس-
كارلىق بىلەن ئۆزىنىڭ خىزمەت، سالامەتلىك ئەھۋالىغا
ئاساسەن مەلۇم ۋاقىت ئاجرىتىپ ئەسلىدىكى سايلام را-
يونى ياكى ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇنغا بېرىپ كۆزدىن

كەچۈرۈشى، ئەھۋال ئىگىلىشى، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ياكى ۋەكىللەر تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىشى، ئەگەر مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن قاتنىشالمىسا بەلگىلىمە بويىچە رۇخسەت سورىشى كېرەك.

13. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەكىللىك كىنىشكىسى بىلەن قانداق كۆزدىن كەچۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ؟

ۋەكىللەر قانۇنىدا: «ۋەكىللەر ۋەكىللىك كىنىشكىسى بىلەن شۇ جاينىڭ ئۆزىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرسە بولىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ۋەكىللەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، شۇ دەرىجىلىك ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى ۋەكىللىك كىنىشكىسى بىلەن شۇ جاينىڭ ئۆزىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك كىنىشكىسى بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشىدەك بۇ خىل شەكىل ۋەكىللەرنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە باغلىشىنى كۈچەيتىشكە، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەمەلىيەت بىلەن ئۇچرىشىپ، ۋەكىللىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا، ۋەكىللەرنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىنىڭ داۋاملىشىشىغا پايدىلىق. ۋەكىللەر قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، ۋەكىللەر ۋەكىللىك كىنىشكىسى بىلەن كۆزدىن كەچۈرگەندە تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىگە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ۋەكىللىك كىنىشكىسىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشى كېرەك.

2. ئۆز ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى كېرەك. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ۋەكىللەر ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ ياكى خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزى ئولتۇرۇشلۇق جايدا ياكى خىزمەت ئورنى تۇرۇشلۇق جايدا كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ھەم تاماق، ياتاق قاتارلىق تەرەپلەردىكى قولايسىزلىقلار ئازىيىدۇ، ھەم بۇ خىل كۆزدىن كەچۈرۈشنى ۋەكىللەرنىڭ بىر خىل دائىملىق كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

3. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋەكىللەر بىلەن ئالاقە باغلاشقا پائال ھەمكارلىشىپ، ۋەكىللەرنى كىنىشكا بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. كۆزدىن كەچۈرىدىغان مەزمۇن، ئورۇن، ۋاقىتنى ۋەكىللەر ئۆزلىرى بېكىتىدۇ.

4. ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك كىنىشكىسى بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار، بېكىتمىلىرىنىڭ ئىزچىللىشىش ئەھۋالى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللىشىش ئەھۋالى ھەمدە خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلە قاتارلىقلارنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت.

5. ۋەكىللەر ۋەكىللىك كىنىشكىسى بىلەن كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئادەتتە ئاساسىي قاتلامغا بارىدۇ. كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا، ۋەكىللەر خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى، ئاممىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئاڭلىشى كېرەك.

6. ۋەكىللەر ۋەكىللىك كىنىشكىسى بىلەن كۆزدىن كەچۈرگەندە، دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش تۈزۈملىرىگە ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىشى كېرەك.

7. ۋەكىللەر كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا مەسىلىنى بىۋاسىتە بىر تەرەپ قىلمايدۇ. ئەگەر پىكىر ۋە تەۋسىيەلەر بولسا، يازما شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە، يەرلىك ھەل قىلىدىغانلىرى بولسا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىشىگە تاپشۇرسا؛ مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ھەل قىلىشى زۆرۈر بولغانلىرىنى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىشىگە تاپشۇرسا بولىدۇ.

**14. بېيجىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇننى كۆزدىن كەچۈرسە بولامدۇ؟ كۆزدىن كەچۈرۈش خىراجىتىنى قانداق ئاتچوت قىلىدۇ؟**

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 41 ـ ماددىسىدا: «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇن ۋە خەلق بىلەن زىچ ئالاقىلىشىشى كېرەك. ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، خەلقنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئاڭلىشى ۋە ئىنكاس قىلىشى، تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. ۋەكىللەرنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئەھۋال ئىگىلىشى، ئاممىا بىلەن ئالاقىلىشىشىدىكى مۇھىم شەكىل. 1985 ـ يىلى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بېيجىڭ شەھىرى سايلىمىغان مەركەز، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ھەر قايسى چوڭ ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشكە قاتنىشىش مەسىلىسى توغرىسىدا «بېيجىڭدىكى ۋەكىللەر بېيجىڭدا كۆزدىن كەچۈرۈش ئېلىپ بارسىمۇ، ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇنغا قايتىپ كۆزدىن كەچۈرۈش ئېلىپ بارسىمۇ بولىدۇ»، «ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بېيجىڭدىكى ۋەكىللىرى ئادەتتە بېيجىڭ شەھىرى تەشكىللىگەن كۆزدىن كەچۈرۈشكە قاتناشسا بولىدۇ، باشقا جايلاردىكىلىرى ئۆزى تۇرۇشلۇق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەشكىللىگەن كۆزدىن كەچۈرۈشكە قاتناشسا بولىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى.

بېيجىڭدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇنغا بېرىپ كۆزدىن كەچۈرمەكچى بولغاندا، ئاۋۋال مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۆڭتىڭىدىن ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇندىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن ئالاقە باغلىشىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ، ۋەكىل ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇندىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن كونكرېت ئالاقىلەشسىمۇ بولىدۇ، بۇنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۆڭتىڭىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك. ۋەكىللەر كۆزدىن كەچۈرۈش خىزمىتى ئاياغلىشىپ بېيجىڭغا قايتقاندىن كېيىن، ئالاقىدار خىراجەتلەرنى ئاتچوت ئىسپاتىغا ئاساسەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۆڭتىڭى ئالاقىلىشىش ئىدارىسى ئارقىلىق ئاتچوت قىلسا بولىدۇ.

**15. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇندىن باشقا جايلاردا كۆزدىن كەچۈرۈش ئېلىپ بارسا بولامدۇ؟**

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى كۆزدىن كەچۈرىدىغان ساھە، دائىرە توغرىسىدا قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە يوق. قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش شەكلى ئاساسلىقى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شۇ دەرىجىلىك ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. ئىككىنچىسى، ۋەكىللەر ۋەكىللىك كىنىشكىسى بىلەن ئۆز جايىدا كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ بارسا بولىدۇ. بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆزدىن كەچۈرۈش، ئادەتتە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى دائىمىي كومىتېت قاراپ چىقىشقا تەييارلىغان قارالمىغا ياكى خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان جەمئىيەتتىكى «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلەرگە ئاساسەن تەشكىللىنىدۇ. كۆزدىن كەچۈرگۈچى شۇ دەرىجىلىك ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلار بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆزدىن كەچۈرىدىغان جاي ۋەكىللەر خىزمەت قىلىۋاتقان ۋە ئۇلار ئولتۇرۇشلۇق جايدىن باشقا رايون ياكى ئورۇن بولۇشى مۇمكىن. كۆزدىن كەچۈرىدىغان ئورۇننى تاللاشتا، ئاساسلىقى خىزمەت ئېھتىياجىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋەكىللەرمۇ كۆزدىن كەچۈرىدىغان جاي ۋە ئورگاننى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەۋسىيە قاتارىدا ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ.

ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك كىنىشكىسى بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈشى ئادەتتە ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇن ياكى ئەسلىدىكى سايلام رايونى دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ۋەكىللەرنىڭ ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇن بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىشكە، ئۇلارنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىنى دائىملاشتۇرۇپ، رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. دۆلىتىمىز خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ۋەكىللەر ۋەكىللىك كىنىشكىسى بىلەن كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئۆز جايىدا كۆزدىن كەچۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، ئادەتتە ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇندىن باشقا جايلاردا كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ بارماسلىقى كېرەك.

**16 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى كۆزدىن كەچۈرۈشتە قانداق مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟**

ۋەكىللەرنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشى ۋەكىللەرنىڭ ئەھۋال ئىگىلىشىدىكى مۇھىم شەكىل، شۇنداقلا ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى. ئالاقىدار قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىگە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ۋەكىللەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، خىزمەتنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ياكى شۇ جايدىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىگە قاتنىشىشى كېرەك. ۋەكىللەر قېرى، ئاجىز، كېسەل، ھەرىكىتى قولايسىز بولۇش ياكى كاماندىروپكىغا، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش ياكى مۇھىم يىغىنلارغا قاتنىشىپ قېلىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىگە قاتنىشالمىسا ياكى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىسمەن پائالىيەتكە قاتنىشالمىسا، بەلگىلىمە بويىچە رۇخسەت سورىشى كېرەك. ۋەكىللەر ۋەكىللىك كىنىشكىسى بىلەن كۆزدىن كەچۈرگەندىمۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئۆزىنى دەڭسەپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ياكى خىزمەت ۋاقتىنى ئىمكانقەدەر ئاز ئىگىلەپ، يېقىن ئەتراپنى كۆزدىن كەچۈرۈشى كېرەك.

2 . ۋەكىللەر كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا، مەسىلىلەرنى بىۋاسىتە بىر تەرەپ قىلماسلىقى، كۆزدىن كەچۈرۈلىدىغان ئورۇننىڭ خىزمەتلىرىگە قارىتا تەۋسىيە ۋە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. يەرلىك بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىشىگە تاپشۇرۇش؛ مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى زۆرۈر بولغانلىرىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىشىگە تاپشۇرۇش كېرەك.

3 . بىر قەدەر ياخشى، بىر قەدەر ناچار ۋە ئوتتۇرا ھالدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئەھۋالنى كۆزدىن كەچۈرۈشنىڭ ئوبيېكتى قىلىپ تاللاش كېرەك. ئەتراپلىق ئەھۋال ئىگىلەشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئادەم ئىزدەپ ئەھۋاللاشقاندا، ھەر قايسى تەرەپلەردىن ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئادەملەرنى ئىزدەش كېرەك.

4 . ۋەكىللەر كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا، دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىغا، دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش تۈزۈملىرىگە ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىشى كېرەك.

5 . شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان پائالىيەتلەردە ۋەكىللەر سەزگەن بەزى چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر ئالاقىدار

دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىشى، زۆرۈر تېپىلغاندا شۇ دەرىجىلىك ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئالاقىدار دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈشى لازىم. بۇنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ ياردىمىدە ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ، ۋەكىللەر بىۋاستە ئالاقىلەشسىمۇ بولىدۇ.

6. ۋەكىللەر كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا، ھەم ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش، ھەم ئامما بىلەن ئۇچرىشىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، سەپەرگە يىنىك چىقىشقا دىققەت قىلىشى كېرەك. كۆزدىن كەچۈرۈشتە ئەمەلىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش، شەكىلۋازلىق قىلماسلىق كېرەك.

**17. «ۋەكىللەر كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا مەسىلىلەرنى بىۋاستە ھەل قىلمايدۇ» دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟**

ۋەكىللەر كۆزدىن كەچۈرگەندە مەسىلىنى بىۋاستە ھەل قىلمايدۇ، بۇ ۋەكىللەرنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش خىزمىتىدىكى بىر مۇھىم پرىنسىپ. شۇڭا، دۆلىتىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلۇپ بۇ بەلگىلىمە چىقىرىلغان:

بىرىنچى، ئاساسىي قانۇنغا ئاساسلانغاندا، دۆلىتىمىز دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ئېنىق ئايرىلغان. دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ھوقۇقىنى ۋەكىللەردىن تەشكىللەنگەن خەلق قۇرۇلتىيى بىر تۇتاش يۈرگۈزىدۇ، ۋەكىلنىڭ ئۆزى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزسە بولمايدۇ، ئاممىباب قىلىپ ئېيتقاندا، ۋەكىللەر دۆلەت ھاكىمىيىتىنى كوللېكتىپ يۈرگۈزىدۇ، ۋەكىلنىڭ ئۆزىدە بۇنداق ھوقۇق يوق.

ئىككىنچى، دۆلىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۈچ مىليوندىن ئاشىدۇ، ئۇلار دائىم ئاساسىي قاتلامدا كۆزدىن كەچۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر نۇرغۇن ۋەكىللەر مەسىلىلەرنى ئۆزلىرى بىۋاستە ھەل قىلسا، ئوخشاش بىر مەسىلىگە قارىتا ئوخشىمىغان پىكىر ۋە ئوخشىمىغان بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش تەس بولۇپ، كۆزدىن كەچۈرۈلىدىغان ئورۇنلار قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قېلىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەت تەرتىپىگە تەسىر يېتىدۇ.

ئۈچىنچى، ۋەكىللەر كۆزدىن كەچۈرگەندە مەسىلىلەرنى بىۋاستە بىر تەرەپ قىلماسلىقنىڭ ياخشى تەرىپى — ئۇلارنىڭ يەنە ئەھۋال ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى ئىنكاس قىلىپ، تەۋسىيە بەرگەندە تېخىمۇ سوغۇققان، تېخىمۇ ئوبيېكتىپ بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتا، مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىرىنچى سەپىدە تۇرۇۋاتقان ئالاقىدار كىشى دائىم مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ياكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشىپ قالغانلىقتىن، ئاسانلا مەلۇم دەرىجىدە ئېغىپ كېتىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى كۆزدىن كەچۈرگەندە مەسىلىلەرنى بىۋاستە بىر تەرەپ قىلمىسا، يۇقىرىقىدەك نۇقسانلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيىلەر تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولىدۇ.

دەرۋەقە، ۋەكىللەرنىڭ كۆزدىن كەچۈرگەندە مەسىلىلەرنى بىۋاستە بىر تەرەپ قىلماسلىقى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىش خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بۇ پەقەت بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلماسلىقتىكى بىر خىل شەكىل ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ۋەكىللەر كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا مەسىلە بارلىقىنى سەزسە، قانۇندا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقى بويىچە، مەلۇم قانۇنىي تەرتىپلەر ئارقىلىق ئالاقىدار تارماقلارغا تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىر بەرسە تامامەن بولىدۇ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ياكى ئالاقىدار باشقۇرغۇچى تارماقلار ئالاقىدار تارماقلار ۋە تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشىلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

**18. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلق ئاممىسى يەتكۈزۈپ بېرىشكە تاپشۇرغان چېتىشلىق دېلولار ياكى باشقا مەسىلىلەرگە ئائىت خەت-چەكلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ؟**

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قانۇن بويىچە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە

ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىدۇ. قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، ۋەكىللەر ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى ئەسلى ئورۇن ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى، ئاممىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئاڭلىشى ۋە ئىنكاس قىلىشى كېرەك.

ۋەكىللەر خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلىشىش جەريانىدا ئاممىنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرى ھەمدە ئالاقىدار فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە بولغان پىكىرىنى ئاڭلىشى، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ياكى ئالاقىدار تارماقلارغا ئىنكاس قىلىشى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشىگە، تەۋسىيە بېرىشىگە پائال ياردەملىشىشى كېرەك. ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەر ئۈستىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلەرنى ۋەكىللەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ بەرسە بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى ئۇنى ئالاقىدار ئورۇنلار، تەشكىلاتلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ، ياكى تەدبىر بەلگىلىگەندە پايدىلىنىدۇ. ئەمما ئارىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى ناتوغرا پىكىر ۋە تەلەپلەر ياكى چۈشىنىكسىز مەسىلىنى، ۋەكىللەر ئالاقىدار تارماقلارغا زىچ ماسلىشىپ، ئاممىغا تەشۋىق قىلىشى، چۈشەندۈرۈشى، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. ئەمما ۋەكىللەرگە بەرگەن ئىقتىساد، ھەق تەلەپ ماجىرالىرى دېلوسىغا ئالاقىدار ئەرز پىكىرلىرى ياكى شەخسىي تەمىنات، تۇرالغۇ ئۆي قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان دېلولارنى ۋەكىللەر كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ: 1. ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ پارا ئېلىپ قانۇننى بۇزۇش، شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ قانۇنسىزلىق قىلىش، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە دېلو بېجىرمەسلىك مەسىلىلىرىگە قارىتا ۋەكىللەر تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلەرنى يازما شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تاپشۇرۇپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەرنى قانۇن بويىچە تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، دۆلەت قانۇنلىرىنىڭ سۈرىنى قوغدىسا بولىدۇ. 2. سوت قىلىنمىغان ياكى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلولار ئۈستىدىكى ئەرز ۋە شىكايەت ئەرز خەتلىرى ياكى كونكرېت مەسىلە ھەل قىلىش تەلەپ قىلىنغان خەتلەر بولسا، ۋەكىللەر ئالاقىدارنىڭ مەلۇم قانۇني تەرتىپ ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك تارماققا ئوتتۇرىغا قويۇشىنى تەۋسىيە قىلسا ياكى مۇناسىۋەتلىك تارماقنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا بىۋاسىتە ئەۋەتىپ بەرسە بولىدۇ. 3. ئەگەر ئالاقىدار كىشى ۋەكىللەر ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۈمىد قىلسا، ۋەكىللەر خەت ـ چەكلەرنى ھەمدە ئىگىلىگەن مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىغا بەرسە بولىدۇ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەرزىيەت تارماقلىرى كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىدۇ. لېكىن، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇ خىل خەت ـ چەكلەرنى ئادەتتە ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلمايدۇ. ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللەرگە جاۋاب بېرىشىنى تەلەپمۇ قىلمايدۇ.

## ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنىڭ كاپالىتى

**1. «ۋەكىللەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك يىغىنلىرىدا قىلغان سۆزى ۋە بەرگەن ئاۋازى قانۇندا سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ» دېگەن قانۇني بەلگىلىمىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟**

ۋەكىللەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك يىغىنلىرىدا قىلغان سۆزى ۋە بەرگەن ئاۋازى قانۇندا سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. بۇ، دۆلىتىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇن بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ قانۇني كاپا-

لىتى. «خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك يىغىنلىرى» — قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنى، ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ئومۇمىي يىغىنى، ۋەكىللەر گۇرۇپپا يىغىنى، تەييارلىق يىغىن، قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسەتنىڭ يىغىنى، ۋەكىللەر ئۆمىكى باشلىقلىرى يىغىنى، ھەر قايسى مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ يىغىنى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ باشقا يىغىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك يىغىنلىرى، دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى، گۇرۇپپا يىغىنى، بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنى ھەمدە دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشقا يىغىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋەكىللەرنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تەشكىللىگەن باشقا يىغىنلاردا قىلغان پىكىرلىرى قانۇندا قوغدىلىدۇ. قانۇندا بۇنداق بەلگىلىمە چىقىرىش، ئاساسلىقى ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. قانۇندا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى دۆلەتنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملاردۇر، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملاردۇر، دەپ بەلگىلەنگەن. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا بەرگەن تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقلىرى بويىچە، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرى ۋە پائالىيەتلىرىگە نورمال قاتنىشىشىغا، ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىشىغا، دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلغاندا راست گەپ قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە خەلق رايىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىگە، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزگەن قانۇن ۋە چىقارغان قارارلارنى ھەقىقىي تۈردە خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قانۇنىي كاپالەت بېرىش كېرەك. بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇۋالىدىغان بىر نەچچە مەسىلە بار: بىرىنچى، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك يىغىنلىرىدىكى قىلغان سۆزى ۋە بەرگەن ئاۋازى قانۇندا سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك يىغىنلىرى مەزگىلىدە يىغىندىن تارقىغان ۋاقىتلاردا قىلغان سۆزلىرىمۇ سۈرۈشتۈرۈلمەي، ۋەكىللەرنىڭ ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلىشىگە كاپالەتلىك قىلىنىشى، دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشى كېرەك. لېكىن، ۋەكىللەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك يىغىنلىرىنىڭ سىرتىدا قىلغان سۆزى ۋە بەرگەن ئاۋازى بۇ قانۇننىڭ ھىمايىسىگە ئۆتمەيدۇ. ئىككىنچى، بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمە بارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋەكىللەرنىڭ سۆزلىرى ۋە بەرگەن ئاۋازلىرى قانۇندا سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. مەسىلەن، جىنايى ئىشلار، مەمۇرىي ئىنتىزام، ھەق تەلەپ مەسئۇلىيىتى بويىچە سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. لېكىن، ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا، بەزى پارتىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا پارتگۇرۇپپا كۆرسەتكەن دۆلەت ئورگىنى رەھبەرلىرى نامزاتىغا قارىتا ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى بېرىپ ياكى قارشى بېلەت تاشلاپ، پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش سەۋەبىدىن ۋەكىللەرنىڭ پارتىيە ئىنتىزامى مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئەھۋاللار ئىلگىرى ئايرىم جايلاردا يۈز بەرگەن. بۇنداق ئۇسۇل دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىشىغا پايدىسىز. پارتىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ھەم كومپارتىيە ئەزاسى، ھەم خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى. پارتىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىشى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشى، ۋەكىللىك بۇرچىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشى كېرەك.

ئەگەر پارتگورۇپپا كۆرسەتكەن نامزاتقا باشقىچە پىكرى بولسا نورمال يوللار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئىنكاس قىلىشى، بىلەت تاشلاپ سايلام ئېلىپ بارغاندا ۋەكىل نامزاتىغا قارشى ئاۋاز بەرسىمۇ ياكى ھوقۇقىدىن ۋاز كەچسىمۇ بولىدۇ. ئۈچىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەكىللىك مەسئۇلىيىتىنى ۋە شۆھرىتىنى قەدىرلىشى، ۋەكىللىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. پىكىر قىلىشقا جۈرئەت قىلماي، راست گەپ قىلماي مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلسا، خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويغانلىق بولىدۇ. دەرۋەقە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن «مۇنداقلا دەپ قويۇش» مۇ جىددىي پوزىتسىيە تۇتقانلىق بولمايدۇ. چۈنكى خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى، قۇرۇق گەپ ساتىدىغان جاي ئەمەس، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكىلەر بولغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر خىل يىغىنلىرىدا قىلغان سۆز ۋە ئاۋازىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. قىلغان سۆزى قانۇنلۇق، ئاساسلىق، قائىدىلىك بولۇشى كېرەك.

**2. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رۇخسىتىسىز قولغا ئېلىنمايدۇ ياكى جىنايى ئىشلار بويىچە سوت قىلىنمايدۇ، دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟**

ۋەكىللەر قانۇنىدا: «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رۇخسىتىسىز، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرى ئارىلىقىدا شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رۇخسىتىسىز قولغا ئېلىنمايدۇ ياكى جىنايى ئىشلار بويىچە سوت قىلىنمايدۇ. ئەگەر نەق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرۇشقا توغرا كەلسە، تۇتۇپ تۇرۇشنى ئىجرا قىلغۇچى ئورگان دەرھال شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەيئەت رىياسىتىگە ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مەلۇم قىلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملاردۇر، ئۇلار قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى كوللېكتىپ يۈرگۈزىدۇ. دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ۋە باشقۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نورمال ئېلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ۋەكىللىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ھەقىقىي قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رۇخسىتىسىز ھەرقانداق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە تەشكىلاتلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى قولغا ئېلىشىغا، تۇتۇپ تۇرۇشىغا ياكى جىنايى ئىشلار بويىچە سوت قىلىشىغا بولمايدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەكىللىك شۆھرىتىنى ئىنتايىن قەدىرلىشى، ئۆزى قاتناشقان ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىشى كېرەك. ئەگەر بەزى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە تەشكىلاتلار ياكى ئايرىم سانىدىكى ئەدلىيە خادىملىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئېتىبارسىز قاراپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى خالىغانچە قامىسا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلسا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاۋۋال ئالاقىدار خادىمغا ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىشى ھەمدە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن ئىمكانقەدەر تېز ئالاقىلىشىپ، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى

قانۇن ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ قوغدىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىمۇ دۆلەت قانۇنلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلسا ئوخشاشلا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**3. «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىگە جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش بويىچە قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقا تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا توغرا كەلسە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتنىڭ ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەكمۇ - يوق؟» دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟**

ۋەكىللەر قانۇنىدا: «ئەگەر ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللەرگە جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش بويىچە قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقا تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا توغرا كەلسە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتنىڭ ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىشىنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى. قانۇندا بەلگىلەنگەن «جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەيدىغان باشقا تەدبىرلەر» دېگىنىمىز — قولغا ئېلىش ۋە جىنايى ئىشلار بويىچە سوت قىلىشتىن باشقا قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇرۇش، تۇرالغۇنى كۆزىتىش، ئەدلىيىلىك تۇتۇپ تۇرۇش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش قاتارلىق جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش تەدبىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش تەدبىرلىرى قولغا ئېلىش ۋە جىنايى ئىشلار بويىچە سوت قىلىشقا ئوخشاشلا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇن بويىچە خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى خىزمىتىنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە كاشىلا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نوپۇزىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەر قانداق دۆلەت ئورگىنى ۋە تەشكىلاتنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتنىڭ ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ۋەكىللەرگە جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش تەدبىرىنى قوللىنىشىغا بولمايدۇ. ۋەكىللەرگە جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش تەدبىرىنى قوللىنىش تەدبىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتى ياكى دائىمىي كومىتېتقا مەلۇم قىلىنىپ ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقى ئېلىنغان بولسا، ئەگەر ئوخشاش بىر سەۋەب بىلەن ئۇنىڭ كېيىندىن كېلىدىغان جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش تەدبىرىنى داۋاملىق قوللىنىشقا توغرا كەلسە، ماقۇللۇقنى ئېلىشقا قايتا مەلۇم قىلىنمىسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ۋەكىللەرنىڭ تۇرالغۇسىنى كۆزىتىش مەلۇم قىلىنىپ ماقۇللۇق ئېلىنغان بولسا ئۇنى قولغا ئالغاندا ۋە جىنايى ئىشلار بويىچە سوت قىلغاندا ماقۇللۇقنى ئېلىشقا قايتا مەلۇم قىلىنمىسىمۇ بولىدۇ. ماقۇللۇق ئېلىنماي خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قانۇن ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىسا بولىدۇ.

**4. ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇلىدىغان ۋەكىل ئۆزىنىڭ ئەرز پىكرىنى قانداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ؟**

ۋەكىللەر قانۇنىدا: «ۋەكىللەر ئەسلىدىكى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلارنىڭ ياكى ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇننىڭ نازارىتىدە بولىدۇ. سايلىغۇچىلار ياكى سايلىغۇچى ئورۇن ئۆزى سايلىغان ۋەكىلنى قانۇن بويىچە ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق. ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇلىدىغان ۋەكىل ئۆزىنى ۋەكىللىكتىن قالدۇرىدىغان يىغىنغا قاتنىشىپ ئەرز پىكرىنى بېرىشكە ياكى ئەرز پىكرىنى يازما بېرىشكە ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەر

دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملار بولۇپ، ھەممىسى قانۇن بويىچە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۇلار خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشكە ۋە باشقۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلقنىڭ تاپشۇرۇقىنى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، خەلققە مەسئۇل بولىدۇ، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر تەرەپتىن، ئۇلار ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىشى ھەمدە ئۆزى قاتنىشۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ھەمدە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللىشىشىغا ياردەملىشىشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئەسلىدىكى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ۋە ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇندىكى خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئاڭلىشى ۋە ئىنكاس قىلىشى، ئەسلىدىكى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلارنىڭ ۋە ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇندىكى خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى، ۋەكىللەر خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ئايرىم ساندىكى لاياقەتسىز ۋەكىللەرنى ئەسلىدىكى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ۋە ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇن قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق.

ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، خالىغانچە ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇلۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا ۋەكىللەرنى ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇش تەرتىپى توغرىسىدا قاتتىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان. سايلام قانۇنىدا: «ئەسلىدىكى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلاردىن 30 دىن ئارتۇق كىشى بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇۋېتىش تەلىپىنى يېزىپ سۇنسا بولىدۇ»، «ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇۋېتىش تەلىپىنى ۋە قالدۇرۇۋېتىلىدىغان ۋەكىلنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش يازما پىكرىنى ئەسلىدىكى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىشى كېرەك»، «ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇۋېتىشتە، ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ۋەكىللىكتىن قالدۇرغاندا «ھەيئەت رىياسىتى ياكى ئوندىن ئارتۇق ۋەكىل بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ» ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ياكى دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنى ياكى دائىمىي كومىتېتنىڭ 1/5 دىن كۆپرەك كومىتېت ئەزاسى بىرلىشىپ ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك، ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى ھەيئەت رىياسەت يىغىنى ياكى مۇدىرلار يىغىنى قاراپ چىققاندىن كېيىن، قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ياكى دائىمىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاۋازغا قويۇشىغا تاپشۇرۇش كېرەك. ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇشنى ئاۋازغا قويغاندا خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ياكى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېرەك ھەمدە بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك. يەنە ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇلىدىغان ۋەكىل شۇ ۋەكىلنى ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىپ ئەرز پىكرىنى ياكى يازما ئەرز پىكرىنى بېرىشكە ھوقۇقلۇق، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ، ۋەكىللەرگە قانۇن ئاتا قىلغان بىر مۇھىم دېموكراتىيە ھوقۇقى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئەسلىدىكى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇننىڭ نازارىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلىشى كېرەك. ۋەكىللەر ۋەكىللىكتىن قالدۇ-

رۇلغاندىن كېيىن، قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئۆزىنى ئاقلىسا بولىدۇ.

بىرىنچى، ۋەكىللەر ئۆزىنى ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئالغان ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئەستايىدىل ئادا قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى، ئۆز خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سالماقلىق بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىشى كېرەك.

ئىككىنچى، ۋەكىللەرنى ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇش سەۋەبىنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئۇقۇشماسلىق ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سۆزلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەھلىل قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلىغا ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا ئەھۋالنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشى، پىكىر ئالماشتۇرۇشى ھەمدە ئالاقىدار يىغىنلارغا قاتنىشىشى ۋە تەييارلىغان ئەرز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك.

تۆتىنچى، قانۇندىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئەرز پىكرى ۋە ئەرز خېتىنى تەييارلاپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئىزھار قىلىشى كېرەك.

بەشىنچى، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئۆزىنىڭ ئەرز پىكرى ياكى يازما ئەرزىنى قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياستى ياكى دائىمىي كومىتېتقا تاپشۇرىدۇ، ھەيئەت رىياستى ياكى دائىمىي كومىتېت، مۇدىرلار يىغىنى قارار قىلغاندىن كېيىن يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ياكى كومىتېت ئەزالىرىغا بېسىپ تارقىتىپ بېرىدۇ.

**5 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا خىزمەت ئورنىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلسا، ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىدىكى مائاشى ۋە باشقا تەمىناتى تەسىرگە ئۇچرامدۇ ـ يوق؟**

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ھەر قايسى سەپ، ھەر قايسى مىللەت، ھەر قايسى تەرەپلەردىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىشچى، دېھقان، زىيالىيلار، ئازادلىق ئارمىيە، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى، سودا ـ سانائەت كارخانىچىلىرى، يەككە ئەمگەكچىلەر بار. ئۇلار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىككە سايلانغاندىن كېيىن، ئەسلى خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئاساسىي ئىقتىسادىي مەنبە يەنىلا مائاش كىرىمى ۋە ئەمگەك كىرىمىدۇر. نۆۋەتتە دۆلەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە مۇۋاپىق ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقارمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك بۇرچىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشىغا، ۋەكىللەر پائالىيىتىگە قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ۋەكىللەر يىغىن يېپىق مەزگىلدە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئورۇنلاشتۇرغان ۋەكىللەر پائالىيىتىگە قاتنىشىشى، «ۋەكىل تۇرۇشلۇق ئورۇن ۋاقىت جەھەتتە كاپالەتلىك قىلىشى»، «نورمال ئىشقا چىققانلىق بويىچە مۇئامىلە قىلىشى، تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ مائاش ۋە باشقا تەمىناتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك». «مۇقىم مائاش كىرىمى بولمىغان ۋەكىللەر ۋەكىللىك بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقاندا، شۇ دەرىجىلىك مالىيە ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدۇ» دەپ قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان. بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە تەشكىلاتلار ھەمدە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك بۇرچىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشىنى قەتئىي قوللىشى كېرەك.



# يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى

# قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

# ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا

ئابدۇكېرىم يۈسۈپ

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەلىپىگە ماس ھالدا 1982 - يىلى يېڭى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ ئەسلىدىكى «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، ئىقتىسادىي بازىسقا تولۇق ئۇيغۇن بولمىغان، ھاكىمىيەت تەشكىلاتى بىلەن كوممۇنا بىرلەشتۈرۈلگەن شىنجاڭ يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگە قارىتا زور دەرىجىدە تەڭشەش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ باردى. ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات ئارقىلىق شىنجاڭ يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىسى زور دەرىجىدە ئازاد قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىدىكى پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىماسلىق، ھوقۇقنى زىيادە مەركەزلەشتۈرۈش، كادىرلاردىكى بيۇروكراتلىق، سۇبيېكتىپلىق، بۇيرۇقۋازلىق ئېغىر بولۇش، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە باقمۇندىلىك تۈزۈمى، خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىكى ۋە جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى كەمچىل بولۇش، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنى قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈش يېتەرلىك بولماسلىق، ئاساسىي قاتلام ئاپتونومىيىسى ۋە دېموكراتىك سايلام كەمچىل بولۇشتەك ئىللەتلەر دەسلەپكى قەدەمدە تۈگىتىلىپ، شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقان، يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولغان، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانا ئايرىلغان، ھوقۇق تۆۋەنگە بېرىلگەن، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىش، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى مۇكەممەللىشىپ خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىكى ۋە جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى يولغا قويۇلغان، ئاساسىي قاتلام ئاپتونومىيە تۈزۈمى تۈزۈملەشكەن شىنجاڭ يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى قەدەممۇقەدەم ئورنىتىلدى. لېكىن ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزى تەرەپلەردىكى ئىللەتلەر ئۇزۇل - كېسىل تۈزىتىلگىنى يوق. نۆۋەتتە، شىنجاڭ يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشى يېزا - بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تەرەققىياتى تەلىپىگە ئەتراپلىق ماسلىشالمايۋاتىدۇ. شۇڭا يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەم ئۇنىڭ سەۋەبلىرىگە بولغان تەتقىقاتنى كۈچەيتىش يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگانلىرى كادىرلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش — شىنجاڭ يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ساغلاملاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى ھەققىدە چۈشەنچە**

ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ بىر قىسمى. ئۇ مەركىزىي ھاكىمىيەت، ئوتتۇرا قاتلام ھاكىمىيىتىگە قارىتا ئېيتىلغان. ئېلىمىز ئاساسىي قانۇنى ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇنغا ئاساسلانغاندا، ئۇ دۆلەت ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىدا ئەڭ تۆۋەن

قاتلامدا تۇرغان ياكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرىي رايوندا تەسىس قىلىنغان دۆلەت ھاكىمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ شەھەر ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى ۋە يېزا ـ بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەھەر ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق، رايونلۇق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنى كۆرسەتسە، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنى كۆرسىتىدۇ. 1997 ـ يىلقى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى يېزا ـ بازار جەمئىي 852، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا 683 (مىللىي يېزا 42)، بازار 169. ①

ئېلىمىزدە جۇڭگو كومپارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولۇپ، يېزا ـ بازارلىق پارتكوم يېزا ـ بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىدە رەھبىرىي ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، ئۇ يېزا ـ بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي ئامىلىغا ئايلانغان. يېزا ـ بازارلىق پارتكوم جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يېزا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىدىكى دائىمىي رەھبەرلىك ئورگىنى. ئۇ يېزا ـ بازار ھاكىمىيەت تەشكىلاتىدا يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدۇ. يېزا ـ بازار ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ھوقۇق مەركىزى. ئۇ سىياسىي رەھبەرلىك، ئىدىيىۋى رەھبەرلىك، تەشكىلىي رەھبەرلىك ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رولىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پارتىيە، دۆلەت بەلگىلىگەن ھەرخىل سىياسەت، فاڭجېن ۋە تەدبىرلەرنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ. شۇ جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن زور سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھەر دەرىجىلىك يېزا ـ بازار ئورگانلىرى كادىرلىرىنى تەربىيىلەيدۇ، تاللايدۇ، ئىشقا قويىدۇ، نازارەت قىلىدۇ، مالىيىنى باشقۇرىدۇ. پارتىيە ئەزالىرىغا ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىش، يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلۇشى، رەھبەرلىك بەنزى قۇرۇلۇشى، پارتىيە ئىچىدىكى ھەرخىل تۈزۈم قۇرۇلۇشى، بىرلىكسەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بىر كۈچلۈك يېزا ـ بازار پارتكومىنى قۇرۇش — يېزا ـ بازار ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، سىياسىي مۇقىملىق، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ئېلىمىزدىكى ئەڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگىنى. ئۇ يېزا ـ بازار خەلقىنىڭ بىۋاسىتە سايلىمىدا مەيدانغا كېلىدۇ. ۋاكالەت مۇددىتى ئۈچ يىل. ئۇ يېزا ـ بازار خەلقىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى تەشكىلىي شەكلى. ئۇ يېزا ـ بازار ھاكىمىيەت تەشكىلاتىنىڭ سۇبيېكتى بولۇپ، ئېلىمىز ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ خەلقچىللىق ۋە سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇ ھەم يېزا ـ بازار خەلقى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت نىزامى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ شۇ مەمۇرىي رايوندا ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، مەمۇرىي نىزام ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، جامائەت ئىشلىرى قۇرۇلۇش پىلانى تۈزۈش، مالىيە خام چوتى، نەق چوتىنى تەكشۈرۈش، تەستىقلاش، يېزا ـ بازار باشلىقلىرى، خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسلىرىنى سايلاش، ئېلىپ تاشلاش، نازارەت قىلىش، يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش، قاراپ چىقىش، ھۆكۈمەتنىڭ نامۇۋاپىق قارار، پەرمانلىرىنى بىكار قىلىش، پۇقرالار ھوقۇقى، باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقى، ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكىنى قوغداش قاتارلىق ھوقۇقلارغا ئىگە. ئۇنىڭ بۇ ھوقۇقىنىڭ ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈلۈشى دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپلا قالماي، يەنە يېزا ـ بازارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك

قىلىندۇ.

ھۆكۈمەت دۆلەتنىڭ جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئورگىنى. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ھەم ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام مەمۇرىي ئورگان، ھەم يېزا ــ بازارلىق ئىجرائىي ئورگان. ئۇنىڭ باشلىقلىرى يېزا ــ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى سايلىمىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل. ئۇ ھەم شۇ يېزا ــ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇنىڭغا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ، ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ، ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى مەمۇرىي خىزمەتكە بولغان باشقۇرۇشنى يولغا قويىدۇ. ئاساسىي قانۇن، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار نىزاملىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى، پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش، ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى، خام چوتنى ئىجرا قىلىش، ھەرخىل مەمۇرىي خىزمەتلەرنى باشقۇرۇش، ئومۇمنىڭ مال ــ مۈلكى، مەنپەئەتى ۋە خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى قوغداش، كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق ــ مەنپەئىتىنى قوغداش، ئۆرپ ــ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئەر ــ ئاياللارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى قوغداش قاتارلىق ھوقۇقلارغا ئىگە. ئۇنىڭ ھوقۇقىنىڭ ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈلۈشى شۇ مەمۇرىي رايوندىكى ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

**2. يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى**

ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر خىل تۈزۈمنىڭ قالدۇق تەسىرىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە تەلتۆكۈس تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئۇ ھامان مەلۇم مەزگىلگىچە يالغۇز ئۇنداق ياكى مۇنداق شەكىلدە رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شىنجاڭ يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى مۇشكۈل، مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى. گەرچە شىنجاڭ يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىدا بىر يۈرۈش تۈزۈم خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى زور دەرىجىدە مۇستەھكەملەنگەن ۋە كۈچەيتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقى ھوقۇق يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن كونا كوممۇنا تۈزۈلمىسىنىڭ تەسىرىدە ئەسلى تۈزۈلمىدىكى بەزى ئىللەتلەر تۈگىتىلمەي تۇرۇپلا، بەزى يېڭى مەسىلە ۋە زىددىيەتلەر پەيدا بولۇپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە شىنجاڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ ماس، ساغلام، تېز راۋاجلىنىشىنى چەكلەپ، يېزىلاردا زامانىۋىلاشتۇرۇش، بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە. تەتقىقات گۇرۇپپىمىز ئەزالىرى شىنجاڭ يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدىكى تەجرىبە ــ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، ئىلى رايونلىرىدا ئۆلگە ئېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدا جىددىي ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان بەزى مەسىلىلەر ساقلانغان. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى:

*1) بەزى رەھبەرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يېزا ــ بازارلىق ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىكى رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىسى قاتمال، نۇقتىئىينەزەرى كونا، قالاق.*

شىنجاڭنىڭ قالاقلىقىنىڭ ئەڭ ئاساسىي سەۋەبى كىشىلەرنىڭ نۇقتىئىينەزەرىنىڭ قالاقلىقى. نۆۋەتتە، شىنجاڭ يېزا ــ بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىكى بەزى رەھبەرىي كادىرلاردا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ئائىلىلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ئەمەلىي تەدبىر بەلگىلىگۈچىسىگە ئايلاندى، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدىغان بولدى، بازار ئىگىلىكىدە بازار ئىستىخىيىلىك تەڭشەلسىلا بولىدۇ، دەپ قارايدىغان پاسسىپ، بىپەرۋالىق نۇقتىئىينەزەرى مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ رولى ئاجىزلاپ، خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەن بولماقتا؛ بەزى رەھبەرىي كا-

دىرلاردا خەلق كوممۇناسى دەۋرىدە شەكىللەنگەن بىـرـۋا-
سىتە باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىش نۇقتىنەزىرى يە-
نىلا مەۋجۇت بولغانلىقتىن، كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى
خوجا بولغان هالدا ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا تەسىر كۆر-
سىتىپ ، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى
بوغماقتا . بەزى رەهبىرىي كادىرلار يېزا ـ بازار هاكىـ
مىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن فۇنكسىيىسىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ،
ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيە-
سى دەپ قاراپ، يېزا ـ بازارلارنىڭ سىياسىي ، ئىجتىـ
مائىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا سەل قارىغانلىقتىن ،
هەرخىل غەيرىي ئىدىيىلەر ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت-
لەر باش كۆتۈرۈپ ، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملى-
قىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە. بەزى رەهبىـرىي كـادىـرلار
پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇ-
لالمىغان، ئۇلارنىڭ بازار ئېڭى، رىقابەت ئېڭى، يېڭى-
لىنىق يارىتىش ئېڭى كەمچىل ، قىممەت قانۇنىيىتى ،
بازارنىڭ تەڭشەش رولىغا بولغان تونۇشى يېـتـەرلـىك
بولمىغاچقا، ئىشلەپچىقىرىشتا پىلاننى قارىغۇلارچە يې-
تەكچى قىلىپ مەهسۇلاتلار سېتىلماي بېسىلىپ قې-
لىپ، دېهقانلار زىيان تارتىش هادىسىسى هەر يىلى يۈز
بەرمەكتە . بەزى رەهبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم
ئېڭى يېتەرلىك بولمىغاچقا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ پارا
ئېلىش ، چىرىكلىشىش هادىسىلىرى يۈز بېرىپ ، يې-
زا ـ بازارلارنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا پاسسىپ
تەسىر كۆرسەتمەكتە.

2) *هوقۇق قۇرۇلمىسىدا ئۇيغۇنسىزلىق مەۋجۇت ،
هەرقايسى سىستېمىلاردا نىسپىي مۇستەقىللىق كەم-
چىل.*

ئاساسىي قاتلام هاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاها-
تىدىن كېيىن ، شىنجاڭ يېزا ـ بازار هاكىمىيەت ئور-
گانلىرىنىڭ هوقۇق قۇرۇلمىسىدا بىر يۈرۈش ئۆزگى-
رىشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى رەهبىرىي
كادىرلاردىكى ئىدىيىۋى قاتماللىق، ئۇزاق مۇددەت يولغا
قويۇلغان هوقۇق يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن
ئەنئەنىۋى تۈزۈلمىنىڭ تەسىرى ، يېزا ـ بازار ئاساسىي
قاتلام هاكىمىيىتى ئىسلاهاتىنىڭ نەزەرىيىۋى تەييار-
لىقىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، يـېـزا ـ
بازار هاكىمىيىتى هوقۇق قۇرۇلمىسىدا ئېغىر دەرىجە-
دىكى ئۇيغۇنسىزلىق پەيدا بولغان . ئۇنىڭ مەركەزلىك
ئىپادىسى شۇكى، خېلى بىر قىسىم جايلاردا يېزا ـ با-
زارلىق پارتكوم ، يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە
يېزا ـ بازارلىق هۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا نىسپىي مۇستە-
قىللىق كەمچىل.

يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى بىـلـەن خـەلق
هۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتىدە بەزى يېزا ـ بازارلاردا خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ هوقۇقى ئاجىزلاش ، هۆكۈمەتنىڭ هو-
قۇقى چوڭىيىش ئەهۋالى مەۋجۇت . بۇ يېزا ـ بازارلىق
هۆكۈمەتنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولۇش
تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇشىغا پايدىسىز تەسىر كۆرسەت-
مەكتە . بەزى يېزا ـ بازارلاردا پارتكوم هۆكۈمەت خىز-
مىتى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆز قۇرۇلۇشى، پارتىيە ئە-
زالىرى ۋە خەلق ئاممىسىغا بولغان ئىدىيىۋى ـ سىيا-
سىي خىزمەتكە، كادىرلارنى تاللاش، ئىشلىتىشكە سەل
قارىغانلىقتىن ، بەزى يېزا ـ بازارلاردىكى بەزى كىشى-
لەردە سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىن گۇمانلىنىش خاهىشى
شەكىللىنىپ ، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي
پائالىيەتلەر ئەۋج ئېلىپ ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدى-
يىسى ۋە هەرىكەتلىرى پەيدا بولۇپ ، شىنجاڭنىڭ ئىج-
تىمائىي ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىـمـائـىي ،
ئىقتىسادىي مۇقىملىقىغا ئېغىر تەهدىت سالماقتا .

3) *يېزا ـ بازار ئاساسىي قاتلام هاكىمىيەت ئور-
گانلىرىنىڭ رولى تەڭپۇڭ ئەمەس هەم ئاجىز.*

ئۇنىڭ ئىپادىسى شۇكى ، بەزى يېزا ـ بازار هاكى-
مىيەت ئورگـىنـىـنىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ئەمەلىي-
لەشتۈرۈلمىگەن. ئۇ يېزا ـ بازار سوتسىيالىستىك قۇ-
رۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىنى تېز
سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ جىددىي ئېهتىياجىدىن كې-
يىن قالغان . دائىمىي ئورگىنى بولمىغانلىقى ، كۆپ
قىسىم ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن
، يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رولى تولۇق جا-
رى قىلدۇرۇلمىغان، ئۇنىڭ يېزا ـ بازار ئىشلـىـرىـغـا
بولغان رەهبەرلىك قىلىش، تەدبىر بەلگىلەش، كادىر-
لارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ ۋەزىپىسـىـدىن قـالـدۇرۇش
هوقۇقى ئۇنۇملۇك يۈرگۈزۈلمىگەن . بەزى يېزا ـ بازار-

لاردا خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئۆز قەرەلىدە نورمال ئېچىلمايدىغان ھادىسە مەۋجۇت.

يېزا- بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە «سول» چىل ياكى «ئوڭچىل» ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە يېزا- بازار ھاكىمىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقتىن، يېزا- بازار ھاكىمىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت باشقۇرۇش رولى نىسبىتىدە ئۇيغۇنسىزلىق كۆرۈلمەكتە. بەزى يېزا- بازار ھاكىمىيەت ئورگانلىرى «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش» نى باھانە قىلىپ، ئىقتىساد باشقۇرۇش رولىغا ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي باشقۇرۇش رولىغا پۈتۈنلەي سەل قاراپ، ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويۇپ، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسەتسە، بەزى يېزا- بازار ھاكىمىيەت ئورگانلىرى «ئىجتىمائىي مۇقىملىق» نى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەپ سىياسىي باشقۇرۇش رولىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي باشقۇرۇش رولىغا سەل قاراپ، يېزا- بازار ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا تەسىر كۆرسەتمەكتە؛ يېزا- بازار ھاكىمىيىتىنىڭ ئىقتىساد باشقۇرۇش، مەدەنىيەت باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي باشقۇرۇش رولى نىسبىتىدە خېلى بىر قىسىم يېزا- بازارلىق ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئىقتىسادىي باشقۇرۇش رولىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي باشقۇرۇش رولىغا سەل قاراپ، يېزا- بازارنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە.

*4) يېزا- بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىدا قانۇن- تۈزۈملەشتۈرۈش كەمچىل.*

ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇن- تۈزۈملەشتۈرۈلۈشى ئۇنىڭ فۇنكسىيىسىنى نورمال يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئەڭ ئاساسىي شەرتى. ئېلىمىزدە ئىلگىرى يېزا- بازارلىق ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدا قانۇن- تۈزۈملەشتۈرۈشكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىدى. گەرچە ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان يېڭى ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا يېزا- بازارلىق ھاكىمىيەت ھەققىدە قانۇنىي ماددىلار بولغان بولسىمۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان 20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، خەلق ھۆكۈمىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى «پىلانلىق تۇغۇت نىزامى»، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى» غا ئوخشاش نىزام، مەمۇرىي قائىدە، پرىنسىپلارنى ئېلان قىلىپ، يېزا- بازار ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆلچەملەشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يېزا- بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى، ھوقۇق چېكى، خىزمەت تەرتىپى، مەجبۇرىيىتى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قانۇنىي بەلگىلىمىلەر ئېنىق ئەمەس. ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان قانۇنلارنىڭ پرىنسىپاللىقى كۈچلۈك، ئابستراكت، ئەمەلىي مەشغۇلاتچانلىقى ئاجىز بولۇپ، يولغا قويۇش قىيىن. ھەتتا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بولغان سىلىنما، كوللېكتىپ پىرسەنت قالدۇرۇش، ئاشلىق، مايلىقدان بېجى ئېلىش، پاراۋانلىق قۇتقۇزۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇناسىپ قانۇن- نىزام كەمچىل ياكى تۇتۇق بولۇپ، ئاساسىي قاتلامغا نىسبەتەن ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولماسلىق، رىئايە قىلىدىغان تۈزۈم بولماسلىق ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى نىسبەتەن يېكىنمە. كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېڭى قويۇق، قانداشلىق پاترىئارخاللىق مۇناسىۋەت ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان، ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ھازىرقى مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشمايدىغان ئەنئەنىۋى يېزا ئېڭىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكىنى ساقلىغانلىقى، بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ھوقۇقىنى، سۆزىنى قانۇندىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغانلىقى تۈپەيلىدىن، خېلى بىر قىسىم كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىدا قانۇن- تۈزۈمنىڭ ئەڭ يۇقىرى نوپۇزىغا بولغان ئورتاق تونۇش شە-

كىللەنمىگەن. ھوقۇقنى تونۇپ قانۇننى تونۇماسلىق ھادىسىسى نىسبەتەن كەڭ بولۇپ، بۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھازىرقى زامان قانۇن نەزەرىيەسى تېپىدىكى نوپۇزنىڭ يېتەكچى ئورنىنى ئىگىلىشى قىيىن بولۇش ھادىسىسىنى پەيدا قىلغان.

شىنجاڭ يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈلمەسلىكى بىر تەرەپتىن، چىرىكلىشىشكە ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، بەزى يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرى ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرگەندە بيۇروكراتلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىگە ئاساسلانماستىن «ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» نى يولغا قويۇپ، «تەجرىبە» نى ئاساس قىلىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە مەنپەئىتىنى نەزەرگە ئالماي، بىر تەرەپلىمە ھالدا «يۇقىرى سۈرئەت»، «يۇقىرى كۆرسەتمە»، «يۇقىرى جۇغلانما» قوغلىشىپ، خەلق ئاممىسى، كوللېكتىپ، دۆلەتكە ئېغىر زىيان كەلتۈرسە، بەزى يېزا - بازارلارنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى يۇقىرىغا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن زورلۇق بىلەن دېھقان، چارۋىچىلارغا قالايمىقان سېلىق سېلىپ، قالايمىقان مەبلەغ توپلاپ، قالايمىقان خىراجەت يىغقان. بەزى جايلاردا قالدۇرۇلغان پىرسەنت دۆلەتنىڭ: «دېھقانلارنىڭ ئالدىنقى يىللىق ساپ كىرىمىنىڭ 5% ىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك» دېگەن بەلگىلىمىسىدىن ئېشىپ كەتكەن. بەزى يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرى نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش مەبلىغىنى تارقىتىش، ئىشلىتىش جەھەتتىكى قانۇن - تۈزۈمنىڭ كەمچىللىكىدىن پايدىلىنىپ، مەبلەغنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش، مەبلەغنى نامراتلارغا ئەمەس، بېيىغانلارغا تارقىتىش، مەبلەغ ئۆز ئىگىسىگە تەگمەسلىك ئەھۋاللىرىنى پەيدا قىلغان. دۆلەتنىڭ يېزا - بازار، كەنت قۇرغان كوللېكتىپ كارخانىلار مەبلىغىنى ئىشلىتىش ھەققىدىكى قانۇن، چەكلىمىلەرنىڭ يوقلۇقى ۋە كەمچىللىكى بەزى يېزا - بازارلارنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرى ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى مەسئۇللىرىنىڭ كارخانا مەبلىغىنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. بۇلار يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىشكە قارىتا چەكلەش رولىنى ئوينىماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي مۇناسىۋەتكە پايدىسىز تەسىر كۆرسەتمەكتە. شىنجاڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان رايون، گەرچە يېزا - بازارلاردا ئۇنى نەچچە يىلدىن بۇيان «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن «ئاپتونومىيە قانۇنى» نى يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت چارىسى تۈزۈلمىگەنلىكى، يولغا قويۇش كاپالەت مېخانىزمىنىڭ كەمچىللىكى، ئۇنىڭدا يېزا - بازار ھاكىمىيىتى ھەرىكەت سۇبيېكتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتى ئېنىق ئايرىلمىغانلىقى، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىكى بەزى رەھبەرلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرى قاتمال ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئېغىر بولۇشى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭ يېزا - بازار ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا پاسسىپ تەسىر پەيدا قىلماقتا.

*5) ناھىيە بىلەن يېزا - بازار مۇناسىۋىتى راۋان ئەمەس.*

ناھىيە بىلەن يېزا - بازار مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ماھىيەتتە ناھىيىنىڭ يېزا - بازارغا بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقى بىلەن يېزا - بازارنىڭ ناھىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى قانداق بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاساسىي مەسىلە يېزا - بازارلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى ناھىيىنىڭ زور دەرىجىدىكى چەكلىشىگە ئۇچراپ، يېزا - بازارلىق ھۆكۈمەت بىر دەرىجىلىك ھوقۇق، سۇبيېكتانتىۋلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالماي، شىنجاڭنىڭ يېزا - بازار ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە. يەنە بىر تەرەپتىن، ناھىيە بىلەن يېزا - بازار ئوتتۇرىسىدىكى تۈزۈلمە ئۆزگىرىشى جەريانىدىكى قالدۇق مەسىلىلەرنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى نۇرغۇن كادىرلار نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە يېزا - بازار ھاكىمىيىتىنى بىر دەرىجىلىك نىسپىي مۇستەقىل بولغان ھاكىمىيەت

سۈبستانتسۋى دەپ قارىمىغانلىقى ، يېزا ـ بازارلاردىكى
بەزى ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خەۋپ ـ خەتەر ،
مەسئۇلىيەتتىن قورقۇپ ، ئاكتىپ ، تەشەببۇسكارلىق ،
ئىجادچانلىق بىلەن خىزمەت قىلمىغانلىقى ، بەزى يې-
زا ـ بازارلىق ھۆكۈمەت ئۆزىنى شۇ رايوندىكى نىسپىي
مۇستەقىل بولغان بىر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت سۈبس-
تانتسۋى دەپ قارىماي ، پەقەت ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
تۇرلۇك فاكىجىن ، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان ،
ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تاپشۇرغان ھەر خىل ۋەزىپىنى
ئورۇندايدىغان ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۆۋەن دەرىجە-
لىك ئورگىنى دەپ قارىغانلىقى تۈپەيلىدىن ، ئۇلارنىڭ
ئاكتىپ ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىگە ئۆزى خوجا
بولغان ھالدا ئۆز يېزا ـ بازارلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا
ئاساسەن تۈرلۈك تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ ، ئۆز يېزا ـ با-
زىرىنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ئىشلىرىغا بىر تو-
تاش رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولماقتا .
بەزى ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلارمۇ يېزا ـ بازارلىق
خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ فاكى-
جىن ، سىياسەتلىرىنى ۋە تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش
ئەھۋالىنى يېزا ـ بازار ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي
تۆھپىسىنى باھالاشنىڭ ئاساسى قىلىپ ، يېزا ـ بازار
ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىنى ناھاي-
تى ئاز ئويلىشىدىغان ھالدا ، يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەس-
لىكى ، بۇنىڭ بىلەن يېزا ـ بازار ھاكىمىيىتى خىز-
مەتتە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ ، ئۆزىنىڭ بىر
دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمايدىغان
ئەھۋال كۆرۈلسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، مەنپەئەت تەقسى-
ماتىدىكى ئادىلسىزلىق ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن
ئەنئەنىۋى تۈزۈلمىنىڭ تەسىرىدە ھەرقايسى تارماقلار ئۆز
مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ ئورگانلىرىنى كېڭەيتىش-
نى ، يېزا ـ بازار ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى تەسىس
قىلىشتا ئىلمىي تەتقىقات ۋە پىلاننىڭ كەمچىللىكى ،
تارماقلار مەنپەئىتىنىڭ تۈرتكىسى ، بەزى رەھبەرلەرنىڭ
نۇقتىئىنەزەرىدىكى خاتالىق تۈپەيلىدىن ، ناھىيىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ
يېزا ـ بازارلاردىكى سودا كوپېراتىپى ، ئامانەت ـ قەرز
كوپېراتىپى ، ئاشلىق پونكىتى ، دوختۇرخانا ، سودا ـ
سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنى ، باجخانا ، پوچتىخانا ،
جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورنى ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا
پونكىتى ، مالىيە ، چارۋىچىلىق ، ئورمانچىلىق ، سۇ-
چىلىق ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ،
مەدەنىيەت ، رادىئو پونكىتلىرىدەك ۋاكالەت ئورگانلىرى
بىلەن يېزا ـ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتتى-
كى توقۇنۇش ۋە زىددىيەتلىرى يېزا ـ بازارلاردىن ئىبارەت
بىر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇكەممەل ھوقۇق
سۈبستانتسۋى بولۇپ شەكىللىنىشىنى چەكلەپ ، يې-
زا ـ بازار ھاكىمىيىتىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى بارغان-
سېرى كىچىكلىتىپ ، مەسئۇلىيەت ۋە يۈكنى ئېغىر-
لاشتۇرۇپ ، مەسئۇلىيەت بىلەن ھوقۇقنىڭ بىر-بىرىدەك
بولماسلىقىدەك غەيرىي نورمال ھادىسىنى پەيدا قىلماقتا.

ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك مۇناسىۋەتلىك تارماقلار-
نىڭ يېزىدا تەسىس قىلغان ۋاكالەت ئورگىنى 20 دىن
ئاشقان بولۇپ ، يېزا ـ بازار ئورگانلىرىنىڭ %60 نى
ئىگىلەيدۇ . بۇ ئورگانلارنىڭ خىزمەت ئورنى يېزا ـ با-
زارلاردا ، خىزمەتتە زىددىيەت ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ،
ھۆكۈمەتكە تەلەپ قويىدۇ ، ياردەم سورايدۇ . لېكىن كا-
دىرلار ، مالىيە ، مال ـ مۈلۈك ۋە كەسپىي باشقۇرۇش
ھوقۇقى يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى
تارماقلىرىغا مەنسۇپ . يېزا ـ بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ
ئۇلارنى باشقۇرۇش ، نازارەت قىلىش ، چەكلەش ھوقۇقى
يوق . بەزى ناھىيىلەردە زىددىيەت ۋە قول تۇتىدىغان مە-
سىلىلەرنى يېزا ـ بازارغا ئىتتىرىدىغان ، ئەمەلىي مەن-
پەئەت كېلىدىغان ئىشلارنى ئۆزى باشقۇرىدىغان ئەھۋال
ئېغىر . يېزا ـ بازارلىق ھۆكۈمەت پۇل ئامانەت قويۇش ،
دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋې-
لىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ، مائارىپ ، سەھىيە ، قات-
ناش جامائەت ئەسلىھەلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا تولۇق
مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ . لېكىن يېزا ـ بازار
دەرىجىلىك مالىيىنىڭ بارلىق كىرىمى ناھىيىنىڭ بىر
تۇتاش باشقۇرۇشىدا بولۇپ ، يېزا ـ بازارلىق ھۆكۈمەت
مەبلەغ ، ئاشلىق پونكىتى ۋە ھەر خىل سېتىۋېلىش
پونكىتلىرىنى باشقۇرالمايدۇ . نەتىجىدە ھوقۇق مەنپەئەت
بىلەن مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى ئايرىلىشى
پەيدا بولۇپ ، يېزا ـ بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ

كۆچىنى ئاجىزلىتىپ، نوپۇزىنى تۆۋەنلىتىپلا قالماي، يەنە شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بازار ئىگىلىكىنىڭ يېتىلىشىنى چەكلەپ، يېزا ـ بازار ھاكىمىيىتى بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە پايدىسىز تەسىر پەيدا قىلماقتا.

*6) ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلارنىڭ مۇناسىۋىتى راۋان ئەمەس.*

ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، ئەسلىدىكى خەلق كوممۇناسىدىن قېپقالغان كارخانىلار مال ـ مۈلۈك ۋە مەبلىغىنى ئېنىقلاپ يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بەلگىلىشى ئارقىلىق نەق پۇل شەكلىدە يېزا ـ بازارلىق مالىيە ياكى ھەرقايسى كەنتلەرگە بۆ قىسىم مەبلەغنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ھەق تۈرىدە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا تەدبىر بەلگىلىيەلەيدىغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە قانۇنىي ئىگىگە ئايلىنىشى كېرەك . نۆۋەتتە كۆپ قىسىم يېزا ـ بازارلىق ھۆكۈمەت ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىماي، كارخانىلارنى ئۆزىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ پىلان، تەدبىرلىرىنى بىۋاسىتە بەلگىلەپ، كادىرلار، مالىيە، مال ـ مۈلۈك ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىشقىچە بىۋاسىتە باشقۇرغاچقا ھەتتا كارخانا باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغاچقا دىرېكتور، زاۋۇت باشلىقلىرى ياكى پارتكوم سېكرېتارلىرىنىڭ يادەمچىسىگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى كەمچىل بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە يېزا ـ بازار باشلىقى ياكى پارتكوم سېكرېتارىغا دوكلات قىلىش، يوليورۇق سوراش ئەھۋالى ئېغىر. يېزا ـ بازارلىق ھۆكۈمەت كارخانىلارنىڭ كادىرلىرىنى خالىغانچە بەلگىلەپ خالىغانچە ئېلىپ تاشلىغاچقا، كارخانىلارنىڭ بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتىگە ئاساسەن تەدبىر بەلگىلىشى قىيىنلىشىپ كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئاكتىپلىقى تەسىرگە ئۇچراپ، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىپ، يېزا ـ بازار ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا.

شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى نىسبەتەن ناچار، ئىقتىسادىي مەنپەئەت تەرەققىياتى قالاق، كىشىلەرنىڭ ياشاش شارائىتى ناچار، بازار ئىگىلىكىنىڭ يېتىلىش دەرىجىسى دۆلەتنىڭ باشقا رايونلىرىدىن ئارقىدا، كىشىلەرنىڭ نۇقتىئىينەزەرى كونا، مۇتەئەسسىپ، ساپاسى نىسبەتەن تۆۋەن. بۇلار ئوبيېكتىپ جەھەتتە كادىرلارنىڭ، بولۇپمۇ يېزا ـ بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگانلىرى كادىرلىرى ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تەكشۈرگەن يېزا ـ بازار ھاكىمىيەت ئورگانلىرى كادىرلىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3. 70 نى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگىلەر 6. 12 نى ئىگىلەيدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بولۇش سالاھىيىتىگىمۇ ئىگە ئەمەس. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت بىلىمى ۋە قانۇن بىلىمى تۆۋەن بولغاچقا، خىزمەت ئۇسۇلى ئاددىي، قوپال، بەزىلىرى ھوقۇقىنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىپ، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. بۇلار شىنجاڭ يېزا ـ بازار ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە پايدىسىز.

---

ئىزاھات

①«شىنجاڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1999 ـ يىل نەشرى. 340 ـ بەت.

بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىچۈەن فوندىسى تەتقىقات تېمىسى بويىچە يېزىلغان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ـ قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر ماموت
تېلېفون: 4828065 ـ 61203

# ئىقتىسادىي توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى توغرىسىدا

رەيھان نىياز

هازىرقى ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا هەرقانداق ئىقتىسادىي گەۋدە ئىقتىسادىي پائالىيەتتە ئىقتىسادىي توختامغا دائىر مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەي قالمايدۇ. ئىقتىسادىي توختام ئىمزالاش، ئىقتىسادىي توختام ماددىلىرىنى ئادا قىلىش - قىلالماسلىق، ئىقتىسادىي توختامنى ئادا قىلالمىغاندىكى جاۋابكارلىق، قارشى تەرەپ ئىقتىسادىي توختامنى ئادا قىلالمىغاندا ئۆزىنىڭ هوقۇق - مەنپەئىتىنى قانداق قوغداش قاتارلىق جەهەتلەرنى پۇختا ئىگىلەش مۇهىم بىر تەرەپ هېسابلىنىدۇ. ئۇنداق بولسا ئىقتىسادىي توختام ئىمزالانغاندىن كېيىن، ناۋادا توختامغا خىلاپلىق قىلىش ئەهۋاللىرى كۆرۈلسە، جاۋابكارلىقنى قانداق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك؟

ئىقتىسادىي توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى دېگەنلىك — ئىقتىسادىي توختام تۈزۈشكۈچى ئۆز سەۋەبلىكى تۈپەيلىدىن توختام ماددىلىرىنى ئادا قىلالمىغاندا ئۈستىگە ئالىدىغان جاۋابكارلىقنى كۆرسىتىدۇ. توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى ئادەتتە، قانۇندا بەلگىلەنگەن توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى، كېلىشىپ بېكىتىلگەن توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى ۋە قانۇن هەم توختامدا ئورتاق بېكىتىلگەن توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى، دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. توختامغا خىلاپلىق قىلىش ئەهۋاللىرى كۆرۈلگەندە قانۇن ۋە توختام ماددىلىرىدا بېكىتىلگەن جاۋابكارلىق شەرتىگە ئاساسەن، خىلاپلىق قىلغۇچى تەرەپ ئۈستىگە ئالىدىغان جاۋابكارلىق سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. ئۇنداق بولسا قانداق شەرت ئاستىدا توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى ئۈستىگە ئېلىنىدۇ؟ قانداق ئەهۋال ئاستىدا توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالمىسىمۇ بولىدۇ؟ بۇنىڭدا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى كۆرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىقتىسادىي توختام كۈچكە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى بولىدۇ. چۈنكى ئىقتىسادىي توختام كۈچكە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ قانۇنىي چەكلەش كۈچى بولىدۇ. ئەگەر توختام ئەسلىدىلا كۈچكە ئىگە بولمىسا، توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

(2) توختام تۈزگۈچىدە توختامنى قىسمەن ئادا قىلالماسلىق ياكى پۈتۈنلەي ئادا قىلالماسلىقتەك توختامغا خىلاپ هەرىكەت كۆرۈلگەن بولۇشى كېرەك. ئەگەر توختام مۇددىتى توشقاندا، توختام ماددىلىرى ئەمەلىيلەشمىسە، بۇ تۈپەيتىن توختامغا خىلاپ هەرىكەت هېسابلىنىدۇ. ئەگەر توختامدىكى مەجبۇرىيەتلەر كېلىشىم بويىچە ئادا قىلىنمىاي، سان - سۈپەت، ئادا قىلىش مۇددىتى، ئورنى، ئۇسۇلى توختام تەلىپىگە تولۇق ئۇيغۇن بولمىسا، بۇمۇ توختامغا خىلاپ هەرىكەت هېسابلىنىدۇ.

(3) توختام تۈزۈشكۈچىنىڭ سۇبيېكتىپ خاتالىقىمۇ توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. سۇبيېكتىپ خاتالىق قەستەنلىك ۋە سەۋەنلىك دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. مەيلى قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىك بولسۇن، هەممىسىلا

سوبيېكتىپ خاتالىق بولۇپ ، قارشى تەرەپنى ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىتىدۇ . قارشى تەرەپنى ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيانغا ئۇچراتقانىكەن ، چوقۇم توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش لازىم .

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا ئىقتىسادىي توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالمىسىمۇ بولىدۇ :

(1) تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان ھادىسىلەر (مەسىلەن : زور تەبىئىي ئاپەت ، زور سىياسىي ھادىسىلەر دېگەندەك) يۈز بېرىپ ، توختامنى ئادا قىلىش توسقۇنلۇققا ئۇچرىغاندا ، قارشى تەرەپكە ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ ، ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ ئىسپات ماتېرىياللىرىنى قارشى تەرەپكە يوللاپ ، زىياننىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان ياكى زىياننى ئازايتقان بولسا ، جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمىسىمۇ بولىدۇ .

(2) قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر ياكى توختامدا كېلىشىپ بېكىتكەن جاۋابكارلىقنى كەچۈرۈم قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن بولسا ، جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمىسىمۇ بولىدۇ .

ئىقتىسادىي توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش شەكلى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل بولىدۇ :

(1) كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىش پۇلى تۆلەش. بۇنىڭغا قانۇندا بەلگىلەنگەن ياكى توختامدا بەلگىلەنگەننى بويىچە زىيانغا ئۇچرىغان تەرەپكە مەلۇم نىسبەتتە پۇل تۆلىنىدۇ .

(1) تۆلەم بېرىش . ئەگەر توختامغا خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان زىيان ، كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىش پۇلى سوممىسىدىن ئېشىپ كەتسە ، تۆلەم ئارقىلىق زىياننىڭ كەم قىسمى تولۇقلىنىدۇ . تۆلەم پۇل ئادەتتە جاۋابكارلىق ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ ئون كۈن ئىچىدە تۆلىنىدۇ .

(3) توختامنى داۋاملىق ئىجرا قىلىش . «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» نىڭ 31 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا ، زىيانغا ئۇچرىغۇچى تەرەپ قارشى تەرەپتىن توختامنى داۋاملىق ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلسا ، داۋاملىق ئىجرا قىلىش كېرەك . خىلاپلىق قىلغۇچى تەرەپ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن ، مەيلى خىلاپلىق قىلىش سوممىسى تۆلىسۇن ياكى تۆلەم بەرسۇن ، بۇ— ئىقتىسادىي توختامنى ئادا قىلىشقا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ . شۇڭا خىلاپلىق قىلغۇچى تەرەپ ئادا قىلمىسا ، قارشى تەرەپ ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرىدىن مەجبۇرىي ۋاستىدە ئارقىلىق ئادا قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ .

(4) زاكالەتنى قايتۇرۇش . «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» نىڭ 14 ـ ماددىسىدا : «زاكالەت پۇلى بەرگەن تەرەپ توختامغا خىلاپلىق قىلسا ، زاكالەتنى قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقى بولمايدۇ ، زاكالەت ئالغان تەرەپ توختامغا خىلاپلىق قىلسا ، ئىككى ھەسسىلەپ قايتۇرۇشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن .

يىغىپ ئېيتقاندا ، ئىقتىسادىي توختام تۈزۈشكەندە «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ، توختامدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى بېكىتكەندىن سىرت ھەر ئىككى تەرەپ مەنپەئەتنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن ، خىلاپلىق قىلغاندا ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيەتنىمۇ كېلىشىپ بېكىتىش لازىم .

(ئاپتور : شىنجاڭ تەمىنات ـ سودا تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر : تاھىر ماموت
تېلېفون : 61203 ـ 4828065



# كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ياخشى ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان بىر قانچە مەسىلە

گۇ جىنچى

كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى سىناق تەرتىقىسىدە يولغا قويۇلغان ئون يىلدىن بۇيان، نۇرغۇنلىغان ياخشى تەجرىبىلەر توپلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈزىتىش كىرگۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈش زۆرۈر بولغان بەزى مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلدى. ھەرقايسى جەھەتلەردىن كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئېلىش، جايلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 ـ يىغىنى 1998 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بۇ قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ماقۇللىدى. دېمەك، بۇ ئېلىمىز دېھقانلىرى ئۆزى ئىجاد قىلغان كەنت ئاھالىلىرى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشتەك تەشكىلىي شەكىلنىڭ قانۇنچىلىق يولىغا قەدەم قويغانلىقىدىن، ئېلىمىز يېزىلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىپ بىر يېڭى تارىخىي باسقۇچقا يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە، دېھقانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا ھەم خەلقئارانىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. نۆۋەتتە، جايلار مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدىكى تەلەپلەر بويىچە بۇ قانۇننى ئىزچىللاشتۇرماقتا. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى ياخشى بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن سەل قاراشقا بولمايدىغان بەزى مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ، بۇ مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى يەنىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، مېنىڭچە تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش زۆرۈر:

***1. قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئېنىق تونۇش — كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.*** پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش» تىن ئىبارەت دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىستراتېگىيىسى بەلگىلەندى. 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش» ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلدى. پارتىيىمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى باشقۇرۇشىدىن ئىبارەت ئاساسىي ئىستراتېگىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ توپ چوڭ قانۇنىنىڭ قەيت قىلىشى ۋە كاپالىتىگە ئېرىشتى. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. نۆۋەتتە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ھېلىھەم ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان بەزى ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىلىرى ساقلانماقتا. مەسىلەن، بەزى يېزا ـ بازار كادىرلىرى دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ئىقتىدارى ھازىرلانمىغان، دەپ قاراۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى

باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى رەھبەرلىك ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، يېزا خىزمىتىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ، دەپ قاراپ، دېھقانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشنى خالىمايۋاتىدۇ. ئۇلار يەنىلا ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا، مەمۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈش، بۇيرۇقۋازلىققا ئادەتلىنىپ قالغان. بۇ خاتا تونۇشلار كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا پايدىسىز، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە پايدىسىز.

يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دېھقانلارنىڭ قاتنىشىشىدىن مۇستەسنا ئەمەس، پەقەت دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادكارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئىشلارنى ياخشى يولغا قويغىلى بولىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاساسلانغاندا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى قوللاش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش، دېموكراتىيە ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈش — يېزىلارنى باشقۇرۇش ۋە يېزىلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇشتا، يېزىلارنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى دېھقانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇۋاپىق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىشى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى قوللاش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش، دېموكراتىك ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈش، يېزىلارنى باشقۇرۇش ۋە يېزىلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇشتا، يېزىلارنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى دېھقانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇۋاپىق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىشى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى ياخشى يولغا قويۇشنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بۇ قانۇننى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە، 900 مىليون دېھقاننىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە، يېزىلاردا جەمئىيەتنىڭ ئۇزاقىچە ئەمىن تېپىشىغا، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يېزىلاردا يولغا قويۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، تۈپ، نېگىزلىك، ئومۇمىيەتلىك چوڭ ئىشتۇر. بىز تونۇشىمىزنى مۇشۇ ئاساستا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ئاڭلىق ھالدا ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

*2. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش — كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى.*

كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 3 - ماددىسىدا: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى بويىچە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، رەھبەرلىك يادروسلىق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ؛ ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا بىنائەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى، دېموكراتىك ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈشنى قوللايدۇ ۋە كاپالەتلەندۈرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. مېنىڭچە، بۇ، پارتىيە رەھبەرلىكىدىن ئايرىلىپ، قانۇن - نىزاملار ۋە سىياسەتكە رىئايە قىلمايدىغان ھۆكۈمەتسىزلىك بىلەن ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى بولماستىن، بەلكى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىدىكى تەلەپ بويىچە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشى دېگەنلىكتۇر. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىدىكى كۈچلۈك قورال، ھالبۇكى، بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇۋاتىدۇ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھەرقانداق ئىشتا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ دېگىنى ھېساب، ھەتتا شۇجىنىڭلا دېگىنى ھېساب، دەپ چۈشىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان تەشكىلاتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرمايۋاتىدۇ، ئاممىۋى لۇشيەندىن ئىبارەت خىزمەت

ئۇسۇلىغا دىققەت قىلمايۋاتىدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك يادروسىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەكىتلىگەنلىك — ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرىنى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بويىچە ئىش قىلىشقا تەشكىللىشى ۋە تەربىيىلىشى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش پائالىيىتى داۋامىدا پارتىيە ياچېيكىسى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيە ياچېيكىسى بىلەن كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. يېزىلاردىكى تۈرلۈك خىزمەتلەر، جۈملىدىن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشمۇ پارتىيە رەھبەرلىكى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. پارتىيە رەھبەرلىكى بولمىسا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى ياخشى يولغا قويغىلى بولمايدۇ. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى ياخشى يولغا قويغان جايلار بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى، مەسىلەن، ئۇلار كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى سايلايدىغان چاغدا، نامزات كۆرسىتىپ سايلاش ئارقىلىق، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى سايلام ھەيئىتىگە قاتنىشىپ، پارتىيە ئەزالىرىغا تايىنىپ تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلغان؛ كەنت ئىشلىرىدا تەدبىر بەلگىلەشتە، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەدبىرنىڭ مەزمۇنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا تاپشۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن قانۇنىي تەرتىپ بويىچە قارار چىقارغان؛ تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرغان، ۋەھاكازا. ئومۇمەن، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى بىلەن كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان چاغدا، پارتىيە ياچېيكىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ خىزمەت ئىشلىشى، رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىشى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ھەم رەھبەرلىك قىلىشى، ھەم چات كىرىۋالماسلىقى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

***3. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بىۋاسىتە دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش — كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسى.*** يېزا ئاساسىي قاتلامدا دېموكراتىيىنى كېڭەيتىش، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش — پارتىيىمىزنىڭ دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىشىدىكى ئۇلۇغ ئىجادىيەت. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشى — كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تەشكىللىنىپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملار ۋە سىياسەت بەلگىلىگەن دائىرە ئىچىدە، بىۋاسىتە دېموكراتىك ئۇسۇل ئارقىلىق، ئۆز كەنتىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشى، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلىشى ۋە ئۆزىگە ئۆزى خىزمەت قىلىشى دېگەنلىكتۇر. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلاب قىلىشى دېھقانلارنى ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ھوقۇقتا ئېرىشتۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەردىكى تۈرلۈك ئىشلارنى تېخىمۇ ياخشى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاخىردا ئۇلارنى بەختىيار تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلغان. لېكىن خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە يېزا ـ كەنتلەردە ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى قانداق بەرپا قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق شەكلىنى تاپالماي، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى چۇ-

شەپ قويۇپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. مەمۇرىي بۇيرۇقۋازلىق قىلىشتەك رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئىستىلى ئەۋج ئېلىپ قالدى، كەنتلەردىكى دېموكراتىك تۇرمۇش بېسىلىپ قالدى. 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا كەنت ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى بەزى رايونلاردا دېھقانلار ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسلىنىپ، كەنت ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان تەشكىلات —— كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى قۇرۇلۇپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. مەركەز بۇ جەھەتتىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا يەكۈنلىدى ھەمدە 1982 ـ يىلى 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان يېڭى ئاساسىي قانۇندا «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى» ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان تەشكىلات سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، دېھقانلار ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان دېموكراتىك سىياسىي تەشكىلات شەكلىگە ئىگە بولدى.

كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئېلىمىز يېزىلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشى دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، دېھقانلارنىڭ دېموكراتىك ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىر كەنتنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئۆز جايىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىش، شۇ جاينىڭ ۋە شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. پەقەت شۇ كەنتنىڭ ئاھالىلىرىلا ئۆز كەنتىنىڭ ئەھۋالىنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدۇ، ئۆز كەنتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ياخشى ھەل قىلىشقا باب كېلىدىغان ئۇسۇل، چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش لازىم، ئۇنداق بولمايدىكەن، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتىش، دېھقانلارنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش —— دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشنىڭ تۈپ تەدبىرى، پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىنى باشقۇرۇشتىكى تۈپ سىياسىتى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. بۇنىڭ يادروسى —— كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن «تۆت دېموكراتىيە» يەنى دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈش، دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ كادىرلارنى سايلاش جەھەتتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دېھقانلار ھەقىقىي ھىمايە قىلىدىغان، ئىدىيىسى ياخشى، ئىستىلى توغرا، مەدەنىيەتلىك، قابىلىيەتلىك، جان ـ دىلى بىلەن ئامما ئۈچۈن ئىش قىلىپ بېرىدىغان كىشىلەرنى كەنت ئاھالە كومىتېتىغا سايلاپ كىرگۈزگىلى بولىدۇ؛ دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ كەنتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىدا تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغانلىكى مۇھىم ئىشلارنى چوقۇم بارلىق كەنت ئاھالىلىرى يىغىنى ياكى كەنت ئاھالىلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن قارار چىقىرىش كېرەك؛ دېموكراتىك باشقۇرۇش ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ كەنتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. كەنتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پىكرىگە ئەمەل قىلىش، كەنت ئاھالىلىرىنى قاتناشتۇرۇش، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان پىكىرلىرىگە قۇلاق سېلىش كېرەك؛ دېموكراتىك نازارەتچىلىك ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ كەنت كادىرلىرىنى باھالاش ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مۇئەييەن شەكىل ئارقىلىق، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە ۋە كەنتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىشىغا

كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. پەقەت «تۈت دېموكراتىيە»
ئەمەلىيلەشتۈرۈلسىلا، دېھقانلارنىڭ دېموكراتىيە هو-
قۇقىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزد-
ىنى ئۆزى باشقۇرۇشىنى پۇختا ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە
قىلغىلى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇ-
رۇش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى تېخىمۇ يۇ-
قىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

*4 . كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش تۈزۈ-
مىنى ئورنىتىش — كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نازا-
رەتچىلىك هوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشىنىڭ مۇ-
ھىم كاپالىتى.* يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 15 ـ
قۇرۇلتىيىغا بەرگەن دوكلاتىدا: «شەھەر ـ يېزىلاردىكى
ئاساسىي قاتلام هاكىمىيەت ئورگانلىرىمۇ، ئاممىنىڭ
ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلى-
رىمۇ دېموكراتىك سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈ-
شى، سىياسىي ئىشلار ۋە مالىيە ئىشلىرىدا ئاشكارا بو-
لۇش يولىغا مېڭىشى، ئاممىنى ئاساسىي قاتلامنىڭ
جامائەت ئىشلىرى ۋە جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى
مۇھاكىمە قىلىش ۋە قارارىدىن ئۆتكۈزۈشكە بىۋاسىتە
قاتناشتۇرۇشى، كادىرلار ئۈستىدىن دېموكراتىك نازا-
رەتچىلىك قىلىش يولىنى تۇتۇشى لازىم» دەپ كۆرسەتتى
. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا
كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىدا كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا
بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەندى.
بۇ تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كەنت
ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش هوقۇقىغا كاپالەتلىك قى-
لىپ، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن كەنت كادىرلىرى ئوت-
تۇرىسىدىكى ئارازلىق ۋە ئۇقۇشماسلىقنى پەسەيتىپ،
يېزا ـ كەنت كادىرلىرىنىڭ هۆكۈمەت ئىشىدا ئىرىشچان
، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشىنى ئۈنۈملۈك ئىل-
گىرى سۈردى؛ ئۇ دېھقانلارنىڭ سىلىقىنى يېنىكلى-
تىش، دېھقانلارنىڭ هاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش
، هاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئاكتىپلى-
قىنى يەنىمۇ قوزغاش، يېزا ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىجـ
تىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىل-
گىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىجابىي رولغا ئىگە.
كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلسا،
كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆڭلى روشەن، كەنت كادىرلى-
رىنىڭ يۈزى يورۇق بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى پۈتكۈل
كەنتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا، شۇنىڭدەك تەرەققىيات
ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە تېخىمۇ ئوبدان يېتەكلىگىلى
، ئۇلارنىڭ خوجايىنلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى-
نى تېخىمۇ كۈچەيتكىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ بازار ئىگى-
لىكى شارائىتىدا، بەزى كەنت ئاھالىلىرى باي بولۇش
ئۈچۈن نوقۇل بىر خىل تىرىكچىلىق بىلەنلا شۇغۇللى-
نىشنى ئۆزگەرتىپ، كۆپ خىل ئىشلار بىلەن شۇغۇل-
لىنىشقا باشلىدى، ئەمدى پىلانلىق ئىگىلىك مەزگى-
لىدىكىدەك ھە دېسىلا ھەممەيلەننى بىر يەرگە يىغىۋې-
لىپ مەجلىس ئېچىپ، مەسلىھەتلىشىپ مەسىلىنى
ھەل قىلىش ئاسانغا چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا
كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇپ، كەنت ئىشلىرىنى
كەنت ئاھالىلىرىگە ئۇقتۇرۇش، كەنت ئاھالە كومىتېتى
بىلەن كەنت ئاھالىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى
راۋانلاشتۇرۇشنىڭ بىر ياخشى ئۇسۇلى بولۇپ قالدى.

كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ
22 ـ ماددىسىدا دەل ۋاقتىدا ئاشكارىلاش زۆرۈر بولغان
ئىشلار ئېنىق بەلگىلەندى. كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا
بولۇش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە
بولۇشىنىڭ ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈلۈشىدۇر. كەنت
ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇشتىن ئايرىلغاندا، كەنت ئاھا-
لىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشى، ئۆزىنى ئۆزى
تەربىيىلىشى، ئۆزىگە ئۆزى خىزمەت قىلىشى ۋە دې-
موكراتىك سايلام، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دې-
موكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەتچىلىك قۇرۇق
شەكىلگە ئايلىنىپ قالىدۇ. نۆۋەتتە، بەزى جايلاردا كەنت
ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش نامدا بار ئەمەلدە يوق ئىشقا
ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. « بىرمۇ ۋاراق قەغەزنى تامغا
چاپلاپ قويۇپ، ياكى يول بويىغا بىرمۇ پارچە تاختاينى
ئېسىپ قويۇپ» لا ئىشنى بولدى قىلىۋاتىدۇ، شەكىل-
ۋازلىق ھادىسىلىرى ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىۋاتىدۇ.
بەزى جايلارنىڭ ئاشكارا قىلغان تۈرلىرى تەپسىلىي ئە-
مەس، ئاشكارا قىلغان مەزمۇنلار ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان
قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىدىن يىراق بولۇپ، كۆرۈنۈشتە
ئاشكارا قىلغاندەك قىلىسىمۇ، ئاستىرتىن

ئاشكارىلىنىمايۋاتىدۇ. يەنە بەزى جايلارنىڭ ئېلان قىلىشى ۋاقتىدا بولمايۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كەنت ئاھالىلىرى ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جايلار كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسلىنىپ، كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇشنىڭ مەزمۇنى، ۋاقتى، شەكلى، تەرتىپى قاتارلىقلارنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۇنى قوللىنىش ۋە ئىجرا قىلىشقا تېخىمۇ قولايلىق قىلىشى لازىم. جايلارنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇشنى ياخشى يولغا قويغان جايلاردا، بىر يۈرۈش مۇكەممەل قېلىپلاشقان تۈزۈم ئورنىتىلىپ، كەنتتىكى چوڭ - چوڭ ئىشلار ۋە ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر، بولۇپمۇ كەنت دەرىجىلىك مالىيە ئىشلىرى كەنت ئاھالىلىرىگە ۋاقتىدا ئاشكارا قىلىنغان. بۇ جايلار ئاممىنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چۈشىنىشى ۋە نازارەت قىلىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۇلارغا ئەھۋالنى ۋاقتىدا، ئەينەن ئاشكارىلىغان، شۇنداقلا نىسبەتەن ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان، كادىرلارنىڭ خىزمىتىمۇ ياخشى ئىشلەنگەن، ئاممىمۇ خاتىرجەم بولغان، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ قويۇقلاشقان.

***5 . كەنت ئاھالىلىرىنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ نېگىزلىك تەدبىرى.*** كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا كەنت ئاھالىلىرى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك دېموكراتىك ھوقۇق توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى تولۇق، توغرا يۈرگۈزۈش - يۈرگۈزەلمەسلىكى ئۇلارنىڭ ساپاسىغا باغلىق، يەنى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇشنى بىلىشى ۋە ئۆز ئىشىغا ئۆزى ياخشى ئىگە بولالىشىغا باغلىق. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ۋە ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى.

بۇ يەردە مەن پەقەت ئۇقتىلىق ھالدا دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالماقچىمەن. دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش كەنت ئاھالىلىرى بىلەن كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ۋە كەنت كادىرلىرى بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى ئۆستۈرگەندىلا، دېھقانلار ۋە كەنت كادىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ قانداق دېموكراتىك ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇ ھوقۇقىنى قانداق قىلىپ قانۇن بويىچە يۈرگۈزەلەيدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ ھەمدە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش جەھەتتىكى ئاكتىپلىقىنى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش داۋامىدىكى ئاڭلىق ھەرىكەتكە ئايلاندۇرالايدۇ. كەنت كادىرلىرى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تولۇق دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى سايلاش، كەنتتىكى چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدە تەدبىر بەلگىلەش، كەنت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشتا كەنت ئاھالىلىرىنى قانۇن بويىچە قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇشنى چىن مەنىسى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. كەنت ئاھالىلىرىمۇ كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى قانۇن بويىچە ئاڭلىق ئادا قىلىشى، كەنت قائىدىسى، ئاھالىلەر ئەھدىنامىسى ۋە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش نىزامنامىسىگە نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىشى، ھۆكۈمەت قانۇن بويىچە چۈشۈرگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئورۇندىشى لازىم.

كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كەنت ئاھالىلىرى بۇ قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلار بۇ قانۇننىڭ مەزمۇنىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، روھىي ماھىيىتىنى تىرىشىپ

ئىگىلەپ، قانۇننى يولغا قويۇش جەريانىدا ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش پائالىيەتلىرىگە ئائىلىق قاتنىشىپ، كەنتتىكى تۈرلۈك ئىشلارنى ئۆز ئىشىم دەپ قاراپ، نۇرغۇنلىغان ياخشى تەجرىبىلەرنى توپلاپ، بۇ قانۇننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. لېكىن، بەزى كەنت ئاھالىلىرىدە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش جەھەتتىكى خوجايىنلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كەمچىل بولغاچقا، كەنتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشنى خالىمايۋاتىدۇ، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى سايلاشقا قاتناشمايۋاتىدۇ، كەنتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە تەدبىر بەلگىلەشتە پىكىر بايان قىلمايۋاتىدۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئورۇنداشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنىمۇ پائال ئورۇندىمايۋاتىدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدا. شۇڭا كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە، دېھقانلارنىڭ ئۆز ئىشىنى باشقۇرۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دېھقانلار ۋە كەنت كادىرلىرى ئارىسىدا قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ئېڭىنى ۋە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى پائال ئادا قىلىدىغان، قانۇن ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشنى بىلىدىغان قىلىشىمىز زۆرۈر.

*6. ئىلغار تېپىك تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىش كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى.*

ھازىر جايلار كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇۋاتىدۇ. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى ياخشى يولغا قويمىغان جايلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇنى ياخشى يولغا قويغان ئىلغار ناھىيە، ئىلغار يېزا، ئىلغار كەنتلەردىن ئۆگىنىشى، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆزلىرىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقىنى تېپىپ چىقىشى، باشقىلارنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى ياخشى يولغا قويۇشتىكى ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. بۇ، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولىدۇر. نۆۋەتتە، بولۇپمۇ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشى داۋامىدا ھەم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، ھەم كەنت ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش؛ ھەم كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ كەنت ئىشلىرىدا مۇستەقىل تەدبىر بەلگىلەشتەك دېموكراتىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھەم يېزا ـ بازارلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش؛ ھەم كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت فۇنكسىيىسىنى ياخشى ئادا قىلىش، ھەم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت خوجايىنلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قانداق قىلىپ ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېڭى تەجرىبىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولۇشىمىز، بۇ ئارقىلىق يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ، يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ مۇقىم، سىجىل، ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

«جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىل 5 ـ سانىدىن ئابدۇلئەھەد ھاجى تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 61203 ـ 4828065



# ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىشىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى

لى شۆفېڭ فەن خۇيچېڭ

ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن چىقىرىشىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى — قانۇن چىقىرىشىنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن چىقىرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش پرىنسىپىغا رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت. ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن چىقىرىشىنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىپ، قانۇننى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش، مەمۇرىي قانۇن، قائىدىلەرنى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردىكى پرىنسىپال بەلگىلىمىلەر بويىچە تۈزۈش لازىم. بۇ، مەمۇرىي قانۇن چىقىرىشنىڭ بېقىندىلىق خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى تۈزگەندە تۆۋەندىكى بىرنەچچە پرىنسىپقا رىئايە قىلىشى لازىم:

1. سىستېمىلىق بولۇش پرىنسىپى

بازار ئىگىلىكىنىڭ سىستېمىلىق بولۇشىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش، تەڭشەپ كونترول قىلىش رولىنى ئوينايدىغان قانۇننىڭ سىستېمىلىق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. ئىقتىسادىي مەمۇرىي قانۇن چىقىرىشنىڭ سىستېمىلىقلىقى قانۇن چىقىرىشتا ھەم بىرلىككە كەلگەن قانۇن ـ نىزام مەزمۇنىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىنى، ھەم ئۇنىڭ پۈتكۈل قانۇن سىستېمىسى بىلەن ماسلىشىپ بىردەك بولۇشىنى، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنى بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت مەنىسى مۇنداق:

(1) قانۇنلارنى قېلىپلاشتۇرۇش جەريانىدا ئومۇمىي جەھەتتىن يۇرۇشلەشتۈرۈش كېرەك. كارخانىلارنى ھەقىقىي بازار سۇبيېكتىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە ھەم قېلىپلاشقان قانۇن تۈزۈپ كارخانىلارغا زۆرۈر بولغان ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى بېرىش، ھەم ھۆكۈمەتكە قارىتا ھوقۇقنى كونترول قىلىش خاراكتېرىدىكى قانۇن چىقىرىپ، ئەسلىدىكى ھۆكۈمەت بەھرىمەن بولۇۋاتقان بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس بولمىغان مەمۇرىي ھوقۇق ۋە تۈزۈلمىنى بىكار قىلىش لازىم.

(2) قانۇنلارنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن چىقىرىش، قانۇن ئىجرا قىلىش، ئەدلىيەدىن ئىبارەت ئۈچ ھالقىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى، بىردەكلىكىنى ساقلاش كېرەك. بۇ سىستېمىلىق بولۇش پرىنسىپىنىڭ يەنە بىر مەنىسى. ھۆكۈمەت بازار ئىگىلىكىنىڭ دەسلەپكى ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتى داۋامىدا قانۇنلارنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا كىرگۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇنلارنىڭ يۈرۈشۈشىگە قارىتا تەتقىقاتنى كۈچەيتىشى، رېئال تەرەققىياتقا ماس كەلمىگەن قىسمىغا ۋاقتىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈشى ۋە بىكار قىلىشى، شۇنداقلا يېڭى قانۇننى ۋاقتىدا تۈزۈپ، تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇنلارنى قېلىپلاشتۇرۇش جەريانىنى سىستېمىلىق بولغان پۈتۈنلۈك تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى لازىم.

2. قوللىنىلىشچانلىقتا ئىگە قىلىش پرىنسىپى

قوللىنىلىشچانلىقتا ئىگە قىلىش — ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش داۋامىدا قانۇنلاردا كونكرېت ھەرىكەت ئەندىزىسىنى تۈزۈپ، ئېلاستىكىلىق، پرىنسىپاللىق ۋە مەزمۇنىنىڭ تايىنى يوق خىتابنامە شەكلىدىكى قانۇن چىقىرىشنى ئازايتىشقا ئەھمىيەت بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا قانۇن تۇرۇقلۇق ئاساسلانماسلىق، پۇقرالارنىڭ قانۇنچىلىق كۆز قارىشى ئاجىز بولۇش بىلەن بىللە، ئاساسلىنىدىغان قانۇن بەك ئابستراكت، پرىنسىپال بولۇش مەسىلىسى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ. بازار ئىگىلىكى — قانۇنچىلىق ئىگىلىكىدۇر، ھۆكۈمەتنىڭ چىقارغان قانۇنلىرىنى قوللىنىلىشچانلىقتا ئىگە قىلىش پرىنسىپىغا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇندا بېرىلگەن تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، كونكرېت، مۇكەممەل بولغان تۈزۈم ۋە تەرتىپكە تايىنىپ ئۇنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

3. مۇقىملىق بىلەن جانلىقلىقنى ئۆزئارا

بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى

مۇقىملىق —بارلىق قانۇنلارنىڭ ئورتاق ئالاھى-
دىلىكى. قانۇنلار ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن
كېيىن ئادەتتە بىر قەدەر ئۇزۇن ۋاقىت تەتبىقلىنىشى
كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا ئاندىن كىشىلەر قەلبىنى
ئەمىن تاپقۇزۇپ، ئىجتىمائىي تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇپ
ئۇنىڭ تېگىشلىك ئابرۇيى ۋە نوپۇزىغا كاپالەتلىك قىل-
غىلى بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ مۇقىم بولۇشى مۇتلەق
بولمايدۇ. جەمئىيەت تەرەققىيات دەۋرىدە تۇرۇۋاتقاچقا،
قانۇنمۇ مۇۋاپىق دەرىجىدە دەۋرگە ماسلىشىشچانلىقىنى
نامايان قىلىشى كېرەك، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋەزى-
يەتنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلغان ھالدا ئۇنىڭ مۇقىم
بولۇشىنى تەكىتلەشكە بولمايدۇ. شۇڭا ھۆكۈمەتنىڭ
ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە بۇ ئالاھىدى-
لىكنى چىڭ تۇتۇپ، دەۋرگە ماسلىشىپ قانۇن چىقى-
رىپ، قانۇنلارنى چىقىرىش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش،
بىكار قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئۆزگىرىۋاتقان
يېڭى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە ماسلىشىش لازىم. لېكىن،
قانۇن ـ نىزاملار تۈزۈلگەنىكەن، ھە دېسىلا ئۆزگەرتىپ
كىشىلەر ماسلىشالمايدىغان قىلىپ قويماسلىق كېرەك.

**4. مەركەزنىڭ بىر تۇتاش قانۇن چىقىرىشى بىلەن يەرلىكنىڭ تارقاق ھالەتتىكى قانۇن چى-قىرىشىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى**

دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، قانۇنلار
بىرلىككە كەلگەن. ئاساسىي قانۇننىڭ 5 ـ ماددا 1 ـ
تارمىقىدا: «دۆلەت سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ
بىرلىكى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدايدۇ» دەپ بەل-
گىلەنگەن. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مەملىكەت بو-
يىچە بىر تۇتاش ئېچىۋېتىلگەن چوڭ بازارمۇ دۆلىتى-
مىزنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قانۇنچىلىقىنىڭ
بىرلىككە كېلىشىگە ئېھتىياجلىق. دۆلىتىمىزنىڭ
زېمىنى كەڭ، بولۇپمۇ پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئى-
گىلىكىگە ئۆتۈش باسقۇچىدا ھەرقايسى رايونلار، دېڭىز
بويىدىكى جايلار بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي
تەرەققىياتى ئىنتايىن تەكشىسىز بولدى، ئالاھىدە رايون
ئىقتىسادى بىلەن باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ
ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق
ئىنتايىن زور بولدى، بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت قانۇنغا
قارىتا ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجنى ئوتتۇرىغا قويدى.
بىر قانۇننىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى
ئاستىراق بولۇۋاتقان بەزى رايونلار مەدەنىيىتىگە نىسبە-
تەن ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ، بىراق ئىقتىسادىي تە-
رەققىياتى تېزرەك بولۇۋاتقان بەزى رايونلارغا نىسبەتەن
بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ھۆ-
كۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى
مەمۇرىي قانۇن چىقىرىشنىڭ قاراتمىلىقى كۈچلۈك،
جانلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ مەر-
كەزنىڭ بىر مەنبەلىك تۈزۈلمە ئاستىدا بىر تۇتاش قانۇن
چىقىرىشى بىلەن يەرلىكنىڭ تارقاق ھالەتتە قانۇن چى-
قىرىشىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى قوللى-
نىش لازىم. بىر مەنبەلىك تۈزۈلمە دېگىنىمىز — قا-
نۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى
بىر تۇتاش بېرىش، دۆلەتتە قانۇنلارنى بىر تۇتاش يولغا
قويۇش ئاساسىدا يەرلىكنىڭ تارقاق قانۇن چىقىرىشىنى
كۈچەيتىش، ئاندىن يەرلىكنىڭ ئىلگىرىلەش خاراكتې-
رىدىكى قانۇن چىقىرىشىنى خۇلاسىلەپ مۇكەممەللەش-
تۈرۈش ئاساسىدا، مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش يولغا
قويۇلىدىغان قانۇن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.
يەرلىكنىڭ قانۇن چىقىرىشىنىڭ ئالدىدا بولۇشىغا
رۇخسەت قىلىشتا، مەركەزنىڭ قانۇن چىقىرىش خىز-
مىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، مۇنداق
ئىككى خىل خاھىشنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش كېرەك: بىرى، بىرلىككە كەلگەن بازارنى بۆ-
لەكلەرگە ئايرىپ، پەقەت يەرلىكنىڭ مەنپەئەتىگە ئەھ-
مىيەت بېرىدىغان، يەرلىك ھامىيلىقنى شەكىللەندۈ-
رىدىغان «قانۇنسىز قانۇن» نى تۈزۈشكە قارشى تۇرۇش
كېرەك. يەنە بىرى، قانۇنلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇ-
رۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دەۋرگە ماسلىشىپ يەر-
لىكنىڭ پىشىپ يېتىلگەن قانۇنلىرىنى مەملىكەت بو-
يىچە بىر تۇتاش يولغا قويۇلىدىغان قانۇن دەرىجىسىگە
كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇنلارنى تۈزۈش، تۈ-
زىتىش كىرگۈزۈش، بىكار قىلىش خىزمىتىنى كۈ-
چەيتىپ، بىر تۇتاش قانۇن ئېلان قىلىنىپ يولغا قو-
يۇلغاندىن كېيىن يەنىلا يەرلىكنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنىنى
تەتبىقلىشىدىن ساقلىنىش، يەرلىكنىڭ قانۇن چىقى-
رىش ھوقۇقىنىڭ پاخاللىشىپ كېتىشىنى چەكلەپ،
دۆلەت قانۇنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش لازىم.

«ئىقتىساد ۋە قانۇن» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق
4 ـ سانىدىن تۇردى ئىسمايىل تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 61203 ـ 4828065

# خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنىمۇ دائىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم

مۇھىددىن نەسرىددىن

نۆۋەتتە، ئاساسىي قاتلام خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنى ئىشلىتىش ۋە ئالماشتۇرۇش مەسىلىسىدە ئالماشتۇرۇش ئاستا بولۇش، خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىغا يۆتكىلىپ كەلگەن كادىر كىرگەندىن كېيىن چىقالماسلىق ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك ساقلانماقتا. بەزى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتچىلىرى بىر ئورۇندا بىر قانچە يىل ھەتتا ئون نەچچە يىل ئىشلىگەن، بەزى كادىرلار خەلق قۇرۇلتىيىغا ياش چېغىدا يۆتكىلىپ كىرىپ، شۇ ئورۇندا قېرىپ، شۇ ئورۇندا پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەن. بۇ خىل ئەھۋال خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىنى خۇددى توختام سۇغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، ھاياتىي كۈچى بولمىغان. ئۇزۇن مۇددەت خەلق قۇرۇلتىيىدا خىزمەت قىلىش گەرچە كەسىپكە پىششىق، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەتقىق قىلىش، نەزەرىيە جەھەتتىن ئىزدىنىشلەرنى كۆزدە تۇتقاندا بەلگىلىك ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن قارىغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنى دائىم ئالماشتۇرۇپ تۇرمىسا بىر ئورۇندا ئۆلۈك ھالدا تۇرىۋەرسىمۇ نۇرغۇن ئىللەتلەر پەيدا بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنى دائىم ئالماشتۇرۇپ تۇرمىسا ئاز دېگەندىمۇ تۆۋەندىكى 3 خىل پايدىسىز ئامىل مەۋجۇت:

1. مۇنەۋۋەر، قابىل ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ يېتىلىپ چىقىشىغا پايدىسىز. چۈنكى ئىختىساس ئىگىلىرى ئۇزۇن مۇددەت بىر جايدا بېسىلىپ يېتىۋەرسە ئۇلارنىڭ جاسارىتى سۇسلىشىپ كېتىدۇ.

2. خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىسىز. چۈنكى كۆپ يىل بىر ئورۇندا ئىشلىگەچكە خىزمەت قېلىپلىشىش، رامكىلىشىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. بەزى خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى ياخشى ئىشلىسەك ـ ئىشلىمىسەك بەرىبىر ئوخشاش ئىكەنغۇ، دەپ قارايدۇ. بولۇپمۇ ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كادىرلارنىڭ خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ئورنىدىن دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ئورنىغا ئۆسۈش پۇرسىتى ئومۇمەن كۆپ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالماشتۇرۇش تەس بولغاچقا، بۇلاردا ئالغا قاراپ ئىنتىلىش روھى تۆۋەنلەپ كەتكەن.

3. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشقا پايدىسىز. چۈنكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە رەسمىيەتلىشىش، قېلىپلىشىپ كېتىش قائىدىگە ئايلىنىپ قالغاچقا، خىزمەت كۆپ يىل بىر قېلىپتا بولغان. بولۇپمۇ بەزى يىغىن تەرتىپلىرى بۇ يىل ئۆتكەن يىلىنىڭكىنى، ئۆتكەن يىلى يەنە ئالدىنقى يىلىنىڭكىنى كۆچۈرۈپ كەلگەن. پەقەت يىغىن ۋاقتى، نامى، ئايرىم سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئۆزگەرتىپ قويۇش ئەھۋالى مەلۇم دەرىجىدە ساقلانماقتا.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت سۈپىتى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىگە، ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىدا «دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش» دېگەن بۇ سۆز ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلدى. بۇ خىل يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە، خەلق قۇرۇلتىيى قوشۇن قۇرۇلۇشىغا، ھەر بىر خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىغا تېخىمۇ يۇقىرى، يېڭى، قاتتىق تەلەپلەرنى قويماقتا. شۇڭا، ئىدىيىمىزنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قارىشىمىزنى يەنىمۇ ئۆزگەرتىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولىغا قارىتا يېڭىچە تونۇشنى تۇرغۇزۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلارغا ئوخشاش قەرەللىك ھالدا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش لازىم. مۇشۇنداق بولغاندا خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتەك ئۇلۇغۋار تارىخىي ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تېخىمۇ ياخشى چىققىلى بولىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت
تېلېفون: 61203 ـ 4828065

# «ھاكىمىيەت» بىلەن «ھوقۇق»

## ھەققىدە

ئەنۋەر غۇلام

يېقىندا، يولداش ئابلەت مامۇت بىلەن ئابلىكىم خېۋىر ژۇرنىلىمىزدا ماقالا ئېلان قىلىپ، ئاساسىي قانۇننىڭ 2 ـ ماددىسىدىكى «中华人民共和国的一切权力属于人民» دېگەن جۈملىنىڭ «权力» سۆزىنى ئۇيغۇر تىلىدا «ھاكىمىيەت» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەكمۇ ياكى «ھوقۇق» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

دۆلىتىمىزنىڭ توپ قانۇنى ھېسابلانغان ئاساسىي قانۇننىڭ 2 ـ ماددىسىدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ، خەلقنىڭ دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى» دېگەن ئىككى جۈملە سۆز دۆلىتىمىزنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بولغان خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى. بىرىنچى جۈملىدە ئىگە، ئىككىنچى جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن بۇ «ھوقۇق» سۆزى مۇنازىرىمىزنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى. بىز «ھوقۇق» دەپ ئالغان بۇ سۆز (ئاساسىي قانۇننىڭ ئەسلى نۇسخىسىدا — خەنزۇچىسىدا «权力» دېيىلگەن بۇ سۆز) مىللەتلەر نەشرىياتى قاتارلىق نەشرىياتلاردا بېسىلغان كىتابلاردا ئىزچىل تۈردە «ھاكىمىيەت» دېگەن تەرجىمىسى بويىچە كېتىۋاتىدۇ. 1982 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلغىنىغا 20 يىلدەك بولغان ئۇزاق مەزگىلگىچە، ئۇنىڭ تەرجىمىسىدە ساقلانغان بەزى مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولمىغىنى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بىر ئىش. تەرجىمىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مۇجمەللىكلەر ئايدىڭلاشماي داۋاملىشىۋەرسە، ئىدىيە جەھەتتە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ، مۇھىمى ئۇنىڭ مەملىكىتىمىز زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا توغرا ئىجرا قىلىنىشىغا تەسىر يېتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلىرىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە ئۇنىڭ ماددا ـ تارماقلىرى، جۈملە ـ سۆزلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە ـ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش، خىزمەتداشلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق مۇنازىرىلەرگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىنى قارشى ئالىمىز.

بۇ ھەقتە سۆز ئېچىشتىن ئىلگىرى، يولداشلىرىمىزغا شۇ مەسىلە ئايان بولۇشى كېرەككى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان ئەسەر، ئۇنىڭ ماددا ـ تارماقلىرى ياكى جۈملە ـ سۆزلىرىنى باشقا تىللارغا ئېنىق ـ توغرا تەرجىمە قىلىش تەرجىمە ساھەسىنىڭ مەجبۇرىيىتى، تەرجىمانلىرىمىز كەسىپ ـ ساھە جەھەتتىكى چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن، بەزى سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسى ياكى لېكسىكىلىق مەنىسىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشى مۇمكىن، شۇ ساھە ياكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار سۆزنىڭ ئەمەلىيەتتىكى مەزمۇنى، ئىستېمالدىكى مەنىسىگە كۆپرەك ئېتىبار بېرىشى مۇمكىن. بۇلارنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تىلىمىزدىكى بەزى سۆزلەر ئىستېمالدا ئەسلىدىكى مەنىسىنى يوقىتىپ، يېڭى مەنىنى ئالغان ياكى ئۇلارغا يېڭى مەنە قوشۇلغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئەمەلىي خىزمەت ـ كەسىپتىكى ھەم كونتېكىستتىكى مەنىسىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز لازىم. «ھاكىمىيەت» بىلەن «ھوقۇق» خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە ئاساسىي قانۇندا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان، ئەڭ كۆپ تەكىتلىنىدىغان سۆزلەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن بىز «ھاكىمىيەت» بىلەن «ھوقۇق» سۆزىنى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە ئاساسىي قانۇننىڭ مەركىزىي مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل يۈرگۈزۈشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمىز. شۇ تۈپەيلى، بىز مۇلاھىزىمىزنى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ھاكىمىيەت» بىلەن «ھوقۇق» نىڭ، خەنزۇ تىلىدىكى «政权» بىلەن «权力» نىڭ كېلىش مەنبەسى، لېكسىكىلىق ۋە ئىستېمالدىكى مەنىسىدىن باشلاپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە ئاساسىي قانۇندىكى ئەمەلىي مەنىسى قاتارلىقلارغا باغلاپ ئاخىرلاشتۇرىمىز.

**1 . ئۇيغۇر تىلىدىكى «ھاكىمىيەت» سۆزى-
نىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى**

«ھاكىمىيەت» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئى-
سىم كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان سۆز. ئۇ ئۇيغۇر تى-
لىغا ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ،
تۈپ سۆز «ھۆكۈم» دىن كېلىپ چىققان . «ھۆكۈم»
سۆزىدىن بىزگە يەنە «ھۆكۈمەت» — ھۆكۈم قىلغۇچى
ئورۇن؛ ھاكىم — ھۆكۈم قىلغۇچى، بۇيرۇق قىلغۇچى
، دېگەندەك سۆزلەرمۇ ئۆزلەشكەن. «ھاكىمىيەت» نىڭ
ئەسلى مەنىسى ھۆكۈم قىلغۇچىلار مەھكىمىسى، ھۆ-
كۈم چىقارغۇچى مەھكىمىدىن ئىبارەت. قەدىمكى ئىدى-
قۇت ئۇيغۇرلىرى بۇ ئورۇننى (ئورگاننى) «بۇيرۇق تۇتۇ-
قى» دەپ ئاتىغان.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغى-
تىدە «ھاكىمىيەت» سۆزىگە «دۆلەت ۋە ئۇنىڭ ئورگان-
لىرى؛ ھۆكۈمەت، سىياسىي ھۆكۈمرانلىق» دەپ تەبىر
بېرىلگەن.

تۆۋەندە بىز «ھاكىمىيەت» سۆزىنىڭ ھازىرقى زا-
مان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلغان جۈملىلەردىن مىسال
كەلتۈرىمىز :

(1) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەم-
لىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت-
نىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىپ ئېلىپ، يېڭى دېموكراتىك
ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىدىن
بۇرۇن، پارتىيىمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنى-
قىلابىي بازىلاردا خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرغان.

(2) بۇ كىتابتا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارقا كۆ-
رۈنۈش قىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولى-
دىكى ئىنقىلابىي كۈرىشى تەسۋىرلەنگەن.

(3) بۇ يەردە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇزۇل —
كېسىل پاچاقلىنىپ تاشلانغانلىقى تەنتەنە بىلەن جا-
كارلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلدى.

ئىنقىلابنىڭ بىۋاسىتە مەقسىتى — دۆلەت ھاكى-
مىيىتىنى ئەكسىيەتچىل سىنىپلارنىڭ قولىدىن ئىنى-
قىلابىي سىنىپلارنىڭ قولىغا ئېلىپ دۆلەت ھاكىمى-
يىتىنىڭ خاراكتېرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش. بارلىق
ئىنقىلابلار ھەل قىلىدىغان تۈپ مەسىلە — دۆلەت ھا-
كىمىيىتى مەسىلىسى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ تەۋە-
لىك مەسىلىسى. بۇنى قولغا ئېلىش ئىنقىلابىي سى-
نىپلار ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمدۇر. پرولېتارىيات
ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىلا، ئىجتىمائىي ئىنقىلابنى
ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، ئۆزىنىڭ غايە ۋە مەقسىتىنى ئەمەلگە
ئاشۇرالايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يۇقىرىقى جۈ-
مىلەردە «ھاكىمىيەت» سۆزى ئۆز جايىدا، توغرا قوللى-
نىلغان.

تۆۋەندە بىز يەنە بىر مىسالنى كەلتۈرىمىز :

ھىندۇقۇشنىڭ شىمالىدىكى تۆمۈرىيلەر زېمى-
نىلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن بابۇر ئۆزىنىڭ
كابۇلنى مەركەز قىلغان ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ،
ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىدۇ. («بابۇرنا-
مە» دىن)

بۇ جۈملىدىنمۇ بىز «ھاكىمىيەت» سۆزىنىڭ بىر
خىل سىياسىي تۈزۈلمىگە، مەلۇم بىر دائىرىنىڭ زور-
لۇق كۈچ بىلەن باشقۇرۇلۇۋاتقانلىقىغا قارىتىلغانلىقىنى
كۆرۈۋالالايمىز .

يۇقىرىدىكى تۆت مىسالدىكى «ھاكىمىيەت» سۆزى-
نىڭ ئورنىغا «ھوقۇق» سۆزىنى قويغىلى ياكى ئىشلە-
تكىلى بولمايدۇ. ئۇلارنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا
توغرا كەلسە، پەقەت « 政权 » دەپ تەرجىمە قىلىشقا
توغرا كېلىدۇ. « 权力 » دەپ تەرجىمە قىلىنسا خاتا
ئۇقۇم پەيدا قىلىدۇ.

يولداش ئابلىكىم خېۋىر ماقالىسىدە «بارلىق ھا-
كىمىيەت» دېگەن سۆزنىڭ تارىخىي مەنبەسى بار دەپ
كېلىپ، «سوۋېتلەر، — دەيدۇ لېنىن 1917 ـ يىلىنىڭ
سېنتەبىرىدىلا —يېڭى دۆلەت ئاپپاراتىدۇر» دېگەن بىر
جۈملە سۆزنى نەقىل كەلتۈرگەن. نەق مۇشۇ جۈملىنىڭ
ئۆزىدىكى «سوۋېت» سۆزىگىمۇ «ئاپپارات» دەپ ئىزاھ
بېرىلگەنلىكى ناھايىتى روشەن. «سوۋېت» (COBeT)
سۆزى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچىغا رۇسچىدىن كىرگەن،
ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى «يىغىن» ياكى «قۇرۇلتاي» دىن
ئىبارەت. ئۇ روسىيە پرولېتارلىرى 1905 ـ يىلىدىن
1907 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىنقىلاب دەۋرىدە
ئىجاد قىلغان خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنقىلابىي
كۈرەش ئېلىپ بارىدىغان تەشكىلىي شەكىل. بۇنى لې-
نىن ئەڭ بالدۇر بايقىغان، مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەم را-

ۋاجىلاندۇرغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، «سوۋېت» س س س ر دىكى ھوقۇقلۇق ئورگانلارنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

يولداش ئابلىكىم خېۋىر ماقالىسىدە يەنە «دۆلەت ھوقۇقىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى ھاكىمىيەت بولىدۇ»، دەيدۇ. بىز بۇ قاراشنىڭ توغرا ـ خاتالىقى ھەققىدە توختالماي، ئۇنى لوگىكىلىق ھۆكۈم چىقىرىش ئۇسۇلى بويىچە تەھلىل قىلىپ كۆرسەكمۇ، بارلىق ھوقۇقنىڭ يىغىندىسى پەقەت ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگاندىلا مەركەزلىشىدۇ، ھوقۇقنى ھوقۇقلۇق ئورگاندىن باشقا ئورۇنغا مەركەزلەشتۈرگىلى بولمايدۇ، دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىمىز.

يولداش ئابلىكىم خېۋىر ماقالىسىدە يەنە «ھاكىمىيەت مەركىزىي ھاكىمىيەت ۋە يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە ئايرىلىدۇ» دەيدۇ ـ يۇ، خەنزۇچىدىكى « 权力 » سۆزىنىڭ «ھاكىمىيەت» دەپ تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى سەۋىيىلىك تەرجىمە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شۇ قاراش بويىچە ئۇنى خەنزۇچىغا ياندۇرۇپ تەرجىمە قىلغىنىمىزدا، بۇ يەردىكى «ھاكىمىيەت» نى « 政权 » دەپ تەرجىمە قىلماي بولمايدۇ.

دېمەك، «ھاكىمىيەت» بىلەن «ھوقۇق» نىڭ ئۆز ئالدىغا خاس مەنىسى بار، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىدا شۇنداق.

**2. ئۇيغۇر تىلىدىكى «ھوقۇق» نىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى**

«ھوقۇق» مۇ ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان سۆز. ئۇمۇ ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولۇپ، «ھەق» سۆزىدىن كېلىپ چىققان (مەسىلەن: ھەققىم بار، ھەق ئىش، دېگەندەك). «ھەق» سۆزىدىن (تۈرلىنىپ) بىزگە يەنە «ھەقايىق» —ھەقىقەتلەر، چىنلىقلار (بىرلىكى «ھەقىقەت»)؛ «ھەق گوي» — توغرا ياكى ھەق سۆزلىگۈچى؛ «ھەققۇللا» — خۇدا ھەققى؛ «ھەققۇنناس»— كىشى ھەققى، ئىنسانغا تېگىشلىك نەرسە، دېگەندەك شەكىللىرىمۇ كىرگەن. ئۇيغۇر تىلىدىكى «ھوقۇق» بولسۇن ياكى خەنزۇ تىلىدىكى « 权力 » بولسۇن، ئومۇمەن ئۇلار ناھايىتى كەڭ مەنىگە ئىگە، ئۇلارنىڭ ئىچىگە ئالىدىغان دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، مەسىلەن: يۇقىرىلارنىڭ ھوقۇقى، كىشىلىك ھوقۇق، سايلاش ھوقۇقى، سايلىنىش ھوقۇقى، نازارەتچىلىك ھوقۇقى، ئەدلىيە ھوقۇقى، تەكشۈرۈش ھوقۇقى، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ... دېگەندەكلەر. بىز ماقالىمىزدە، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى مەنىسى ۋە قوللىنىلىشىغا چېتىلمايدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ ھەقتە كۆپ توختالمايمىز.

«ھوقۇق» سۆزىگە ئالاقىدار كىتابلاردا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «ھوقۇق» — قانۇندىكى ھوقۇقنى يەنى يۇقىرا ياكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ يۈرگۈزىدىغان ھوقۇقى ۋە بەھرىمەن بولىدىغان مەنپەئىتىنى كۆرسىتىدۇ. «ھوقۇق» قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى، بېكىتىلىشى ھەم قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىشى كېرەك. قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمايدىغان ۋە قوغدالمايدىغان «ھوقۇق» نى ھوقۇق دېگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدىمۇ «ھوقۇق» نىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى مەنىلىرى چۈشەندۈرۈلگەن.

تۆۋەندە بىز «ھوقۇق» قوللىنىلغان بىر نەچچە مىساللارنى كەلتۈرىمىز:

(1) بىزگە ھوقۇقنى خەلق بەرگەن، بارلىق دۆلەت كادىرلىرى خەلقنىڭ چاكىرى، ئۇلار قانۇننىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

(2) بىز چوقۇم دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھوقۇققا چەك قويۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم.

(3) ھەرقانداق ھوقۇق قانۇننىڭ چەكلىمىسىدە بولۇشى كېرەك، ھوقۇق قانۇنغا بويسۇنۇشى كېرەك، ھوقۇق قانۇننىڭ ئۈستىدە ئەمەس، قانۇن ھوقۇقنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ.

يۇقىرىقى مىساللاردىن «ھوقۇق» نىڭ ئورنىغا «ھاكىمىيەت» سۆزىنى قويۇشقا ياكى ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى « 权力 » سۆزىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا «ھاكىمىيەت» ياكى « 政权 » نى قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

بىزنىڭ بارلىق ھوقۇقىمىزنى خەلق بەرگەن، بارلىق دۆلەت كادىرلىرى خەلقنىڭ چاكىرى، بىزنىڭ بارلىق ئورگانلىرىمىز خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئۇلار خەلق ۋە قانۇننىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى شەرت.

لېكىن، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان — خەلققە مەنسۇپ بولغان «هوقۇق» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدىغان «هوقۇق». ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن (ئاساسىي قانۇن خەلققە ئاتا قىلغان)، خەلق بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق ئەنە شۇ «هوقۇق» تۇر.

بىزنىڭ مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىمىز ئۆز دائىرىسىدە ئۆزىگە تەئەللۇق ھوقۇقلارنى يۈرگۈزىدۇ، ئۇلار خەلق قۇرۇلتىيى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، مۇشۇ مەنىدىن — ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنىمۇ خەلق بەرگەن، دەيمىز.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، خەلق قۇرۇلتايلىرى ئارقىلىق يۈرگۈزىدىغان ھوقۇقنى «ھاكىمىيەت» دەۋالساق، خۇددى «ھۆكۈمەت يۈرگۈزىدۇ» دېگىلى بولمىغاندەك، «ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ» دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. مەنتىقە بويىچە ئېيتقاندا، «يۈرگۈز» -(ياكى «يۈرگۈزۈش») پېئىلى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن «ھاكىمىيەت» نى قوبۇل قىلالمىغاندەك، «يۈرگۈز -» پېئىلى پەقەت چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن «ھوقۇق» نى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ خۇددى «ئات ئوت يېدى» دېسەك مەنتىقىغە ھەم گىرامماتىكىغا ئۇيغۇن كەلسىمۇ، لېكىن «ئات گۆش يېدى» دېسەك گىرامماتىكىغا ئۇيغۇن كەلگەن بىلەن مەنتىقىغە ئۇيغۇن كەلمىگەندەك بىر ئىش.

**3. خەنزۇ تىلىدىكى «政权» بىلەن «权力» نىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى**

خەنزۇ تىلىدىكى «政权» گە خەنزۇ تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدە مۇنداق ئىككى تەبىر بېرىلگەن: ① سىياسىي جەھەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى، سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قورال؛ ② ھاكىمىيەت ئورگىنىنى كۆرسىتىدۇ. «权力» سۆزىگە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: ① سىياسىي جەھەتتىكى زورلۇق كۈچ؛ دۆلەت ھوقۇقى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى؛ ②مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى كونتروللۇق كۈچ: يىغىن رەئىسى ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ.

خەنزۇ تىلى لۇغىتىدىكى «政权» بىلەن «权力» نىڭ ئاددىي تەبىرىنى ئالاقىدار ماتېرىياللاردىكى تەبىرلەرگە بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا، مۇنداق چۈشەنچىگە كېلىمىز: «政权» ياكى «ھاكىمىيەت» دۆلەت ھاكىمىيىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دۆلەت ماشىنىسىغا تايىنىپ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قورالى، ئارمىيە، ساقچى، سوت، تۈرمە قاتارلىق زورلۇق كۈچكە ئىگە قورال-لار ئۇنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بىزنىڭ مۇلاھىزىمىزنىڭ ئوبيېكتى بولۇۋاتقان «权力» ياكى «ھوقۇق» دۆلەت ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ — ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دۆلەت ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھوقۇق. ئۇ ئادەتتە ھوقۇقنى يۈرگۈزگۈچى ئورگانلارنى ئىچىگە ئالمايدۇ.

**4. خەلقچىللىقنىڭ چەت ئەل ئاساسىي قانۇنلىرىدا پەيدا بولۇشى**

خان (پادىشاھ) مۇتلەق ھوقۇق تۇتقان، ھاكىمىيەت مۇتلەقلىق يۈرگۈزۈلگەن دەۋرلەردە، دۆلەت خانىنىڭدۇر. تاغ - دەريا، يەر - زېمىن شۇنىڭدەك ۋەزىر - ئەمەلدار، پۇقرا - خەلقمۇ خانىنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. شۇ تۈپەيلى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى خانىنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ. جۇڭگودا 2000 نەچچە يىل داۋاملاشقان خانلىق تۈزۈم، مانا شۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ياۋروپادا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ۋە ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى بىلەن ھەققانىيەتچىلىك ئىدىيىسى ئېقىمىغا ئايلىنىشىنىڭ نەتىجىسىدە خانىنىڭ مۇتلەق ھوقۇقى (نوپۇزى) ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتىن ئىنكار قىلىنىپ، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك غايىسى تىكلىنىپ، خەلقنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى.

1789 - يىلى فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىدىن كېيىن، خەلق ئىگىلىك ھوقۇقى پرىنسىپى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا ئەكس ئەتتى. مەسىلەن، 1789 - يىلىدىكى فرانسىيە «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» نىڭ 3 - ماددىسىدا: خەلق بارلىق ھوقۇقلارنىڭ مەنبەسىدۇر، دەپ بەلگىلەنگەن. گېرما-

56

نىيە ۋىما «ئاساسىي قانۇنى» نىڭ 1 ـ ماددىسىدا: دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى خەلق يۈرگۈزىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى يولغا قويۇش تارىخىدىن قارىغاندىمۇ، «خەلقنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى» دېگەن ئۇقۇم 18 ـ ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىققان ھەققانىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىدە، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالغان ۋە ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەن، شۇنىڭدەك ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۇنى قوللانغان ھەم دۆلەتنىڭ ئاساسى (ئۇلى) قىلغان.

دۇنيادىكى تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت — سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: سوۋېت دۆلىتىدە بارلىق ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ، ئەڭ ئالىي سوۋېت دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى، دەپ بەلگىلەنگەن.

دېمەك، چەت ئەللەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدىمۇ، «خەلقنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى» دەپ ئاتالغان بۇ «ھوقۇق»مۇ «ھاكىمىيەت» دەپ ئاتالمىغان. (مەسىلەن، گېرمانىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى «دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى خەلق يۈرگۈزىدۇ» دېگەن جۈملىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى «ھاكىمىيەت» دېيىلمەي، «ھوقۇق» دېيىلگەن. بۇ مەنتىقىغە ناھايىتى ئۇيغۇن.)

## ئاخىرقى سۆز

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ، خەلقنىڭ دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگىنى — مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دۆلەتنىڭ يەرلىكتىكى ھوقۇقلۇق ئورگانلىرى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دېموكراتىيە ئاساسىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئۇنىڭغا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى دۆلەتكە بولغان ھوقۇقىنى بىر تۇتاش يۈرگۈزۈش ئاساسىدا، دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، مەمۇرىي ھوقۇقى، سوت ھوقۇقى، تەپتىش ھوقۇقى ۋە قوراللىق كۈچلەرگە بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقى ئېنىق ئايرىلىدۇ، دۆلەت ئورگانلىرى دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە، ئۆز دائىرىسىدىكى ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىپ خىزمەتلەرنى ماسلىشىپ قانات يايدۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق دۆلەت ھوقۇقىنىڭ خەلقنىڭ قولىدا تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، خەلقنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىلىدۇ، دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەمكارلىشىشى، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ھەرىكەتلىنىشىگە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. جۇڭگو خەلقى خەلق قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ سىياسىي تۈزۈم ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى قوغداپ، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

دېمەك، خەلق بەھرىمەن بولىدىغان بۇ ھوقۇقنى خەلق ئۆزى سايلاپ چىققان ۋەكىللەردىن تەركىب تاپقان خەلق قۇرۇلتايلىرى ئارقىلىق يۈرگۈزىدۇ. بۇ يەردە شۇ مەسىلە ئايدىڭ بولۇشى كېرەككى، خەلقنىڭ يۈرگۈزىدىغىنى ھوقۇق، «ھاكىمىيەت» ئەمەس. بىز يۇقىرىدا قوللانغان «ھوقۇق» سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى خەنزۇچىدىكى «权力» دۇر، ئەگەر بىز بۇ «权力» لەرنى «ھاكىمىيەت» دەپ تەرجىمە قىلساق (ئاساسىي قانۇندا شۇنداق تەرجىمە قىلىنغان) ئۇقۇم ھەم مەنتىقە جەھەتتىن خاتالاشقان بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي قانۇننىڭ 2 ـ ماددىسىدىكى «权力» سۆزىنى «ھاكىمىيەت» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇنى چوقۇم «ھوقۇق» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك.

# ئۇ راستىنلا «ياش كەتتى» مۇ؟

ئابلېكىم خېۋىر

مۇشۇ كەمگىچە «ياش كەتتى» دېگەندەك ئىبارىلەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلەر توغرىسىدىكى ياخشى نىيەتلىك ئەسلىمىلەردە، چوڭقۇر ياد ئېتىشلەردە قوللىنىلغانلىقىنى بىلەتتىم. مەسىلەن، «پالانچى ياخشى يىگىت ئىدى، ياش كەتتى ـ دە، ئېسىت ! ئۇ تېخى ياشىسا بولاتتى، ئەلگە سايىسى چۈشىدىغان دەرەخ بولغانتى، ھايات بولسا نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلاتتى...»؛ «پوستانچى قىز بەك ياش كەتتى، ئۇنىڭ ئۈن گۈلىدىن بىرىلا ئېچىلغانىدى...» ۋەھاكازا. بۇنداق گەپلەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدۇ. ھالا بۈگۈنكى كۈندە تىرىكلەر ئۈستىدە بولغان گەپ ـ سۆزلەردىمۇ «ياش كەتتى ـ دە» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئاڭلاپ قالىسىز. بۇنداق ئىبارىلەر ئەجەبلىنىش، ئاھ ئۇرۇش، ئۆھ تارتىشلارغا ئۇلىنىپ كەلسە، ئىختىيارسىز ھالدا «ياش كەتكەن» ئادەمنى ئۆلۈپ كەتكەنمىدى؟ دەپ سورايسىز. بىراق، ئۇ ئادەم تېخى ھايات بولۇپ چىقىدۇ.

يېقىندا، مەلۇم ناھىيىنىڭ بىر مۇئاۋىن ھاكىمى «دەرىجە ئاتلاپ ئۆستۈرۈش» يولى بىلەن، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلىپتۇ، دېگەندەك، ئۇ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىمۇ سايلىنىپتۇ. بۇ ئىش توغرىلىق نۇرغۇن غۇلغۇلا بوپتۇ. بۇمۇ نورمال ئەھۋال. پۇقرالارنىڭ سۆز ئەركىنلىكى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن تۇرسا ! ئاشۇنداق غۇلغۇلىلار بولۇۋاتقان سورۇندا بىراۋ «ئېسىت، بۇ مۇئاۋىن ھاكىم ياش كەتتى ـ دە ! » دەپ ساپتۇ. سورۇن ئەھلى بۇ گەپتىن پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ، كۈلكە بېسىلاي دېيىشكە يەنە بىرى ئېغىز ئېچىپتۇ: «ھەي، بۇ مۇئاۋىن ھاكىم تېخى ئاتمىشقا كىرمىدىغۇ، مەن ئۆيلەنگەندە، ئۇ تېخى كۆتىگە ئىشتانمۇ كىيمەي يۈرىدىغان بالا ئىدى ! » ... سورۇن ئەھلى بولسا تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشۈپتۇ. ئاشۇ سورۇندىكى كۈلكىلەردە چاقچاق ئېلېمېنتلىرىنىڭ بارلىقىغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. ئەمما، يەنە ئاچچىق مەسخىرە، تىرەن كىنايىنىڭ بارلىقىنى كۆڭۈللەر تۇيىدۇ. كادىرلار تۈزۈمى بويىچە، ھېلىقى مۇئاۋىن ھاكىم بىر دەرىجە ئەمەس، ئىككى دەرىجە ئۆسكەن بولىدۇ. بىراق، نېمىشقا بىراقلا ئىككى دەرىجە ئۆستۈرۈلگەن مۇئاۋىن ھاكىم تېخى ھايات تۇرۇپلا «ياش كەتكەن» بولىدۇ؟ بۇ گەپ بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالمامدۇ؟

ئالدى بىلەن، ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى خېلى نۇرغۇن كىشىلەر تېخىچە چۈشەنمەيدۇ، خەلقنىڭ دۆلەتكە خوجايىن بولۇشى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئارقىلىقلا رويابقا چىقىدىغانلىقىنى، ھېلىقى مۇئاۋىن ھاكىمنىڭمۇ خەلق قۇرۇلتىيىدا مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلانغانلىقىنى ياكى بىلمەيدۇ ياكى ئۇنتۇپ قالغان بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى يەنى ھۆكۈمەت، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى ياكى بىلمەيدۇ ياكى ئۇنتۇپ كېتىشكەن بولىدۇ. شۇڭا، كادىرلار خەلق قۇرۇلتىيى ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىسىلا «ياش كەتتى» دېيىشىپ كۈلۈشىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ھازىرقى ھالەت خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنى، رولى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتىمىز توغرىسىدا قايتا ئويلىنىپ كۆرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە تېخىمۇ چوڭراق تەشۋىقات ھەرىكىتى بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئادەملەر دۆلەتنىڭ سىياسىي پائالىيەت مەركىزى تۈزگەن قانۇن، چىقارغان قارار، بەلگىلىمە ياكى كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويۇش دېگەنلەردىن كۆرە پۇل، مال ـ مۈلۈك ھەققىدىكى تەستىق، خادىملار شتاتى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرى تارقىتىش دېگەندەك ئەمەلىي نەپلەرنى تېخىمۇ بىۋاسىتە كۆرىدۇ ۋە ھېس قىلىدۇ. شۇڭا «ياش كەتتى» دېگەن ئىبارىلەر تىرىكلەرگىمۇ تەتبىق قىلىنىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىر ئىلمىي سىستېما، شۇنداقلا نۇرغۇن باشقا تۈزۈملەرنىڭ يىغىندىسى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى توغرىسىدىكى ئىلمىي نەزەرىيە خېلى مۇكەممەل بولسىمۇ، بىراق، ئەمەلىيەت نەزەرىيىگە يېتىشەلمەي كېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ دېموكراتىك نازارەت مېخانىزمى مۇكەممەللىشىپ كەتمىدى. بىر قەدەر ئومۇملاشقان، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن نازارەت ئۇسۇللىرىنى بىر مۇنچە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىزچىل ياخشى يولغا قويۇپ كېتەلمەيۋاتىمىز. شۇڭا، نازارەتتىن خالىي «ۋاكۇئۇم بوشلۇقى» بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلارمۇ خېلى كۆپ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتلىرىدە نازارەتچىلىك خىزمىتى يەنىلا ئاجىز ھالقا بولۇۋاتىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇپ كەتسەك، دېموكراتىك نازارەتچىلىك ئۆزىنىڭ تاقابىل تۇرغۇسىز كۈچىنى كۆرسەتكەندە، ھېلىقى ئادەملەر مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ «ياش كەتتى» ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان تېخىمۇ قايناق جەڭ مەيدانىغا كەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالار. بۇ، ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مەسىلىسى، خالاس.

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت
تېلېفون: 61203 ـ 4828065

# يولداش ئابدۇرېھىم لېتىپ ۋاپات بولدى



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى يولداش ئابدۇرېھىم لېتىپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 2000 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 19 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە 78 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

يولداش ئابدۇرېھىم لېتىپ 1923 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ قەشقەر شەھىرىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ياش ۋاقتىدا ئىنقىلابىي ئىدىيىنى پائال تەشۋىق قىلغان، ئىجتىمائىي سىياسىي پائالىيەتكە قاتناشقان، 1945 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. 1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئاتلانغان. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىلى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ بۆلۈمچە باشلىقى، ئىلقا ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشقان.

پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇ شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، قەشقەر شەھىرىنىڭ باشلىقى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، قوشۇمچە قەشقەر شەھىرىنىڭ باشلىقى، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئىككىنچى شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش باش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دېرېكتورى، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، قوشۇمچە بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى، پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن؛ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ، 5 ـ، 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ 3 ـ 4 ـ 5 ـ 6 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان.

يولداش ئابدۇرېھىم لېتىپ پارتىيىمىز يېتىشتۈرگەن، ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىن چىققان مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىر، ئۇ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئىنقىلابىي ھاياتىدا پارتىيە رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى، چېگرا رايوننىڭ تىنچ ـ ئىتتىپاقلىقى، شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلاپ، گەۋدىلىك تۆھپە قوشۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كا-

دىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

يولداش ئابدۇرېھىم لېتىپ ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى باشتىن ئاخىر ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەن، سىياسىي جەھەتتە ئۆزىنى داۋاملىق تەربىيىلىگەن. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئىشلىرى ئۈچۈن، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشقان. ئۇ 1979 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بولغاندىن كېيىن، ئورگاننىڭ ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل بولمىغان، خادىملىرى ئاز ئەھۋالدا، ئورگاندىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەتنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىنىڭ خىزمەت تۈزۈمى ۋە خىزمەت تەرتىپىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە زور تۆھپە قوشقان. دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندىن كېيىن، كېسىلىگە قارىماي كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، يەرلىك قانۇن چىقىرىش ۋە قانۇن نازارەتچىلىكى، خىزمەت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش، ئاپتونوم رايوننىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە پائال تۆھپە قوشۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغان.

يولداش ئابدۇرېھىم لېتىپ پارتىيىگە، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا چەكسىز سادىق ئىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى چەكسىز سۆيەتتى. مەيلى جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش يىللىرىدا بولسۇن ياكى ھاياتى خەۋپ ئىچىدە تۇرغان 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقتا بولسۇن، ئۇ كوممۇنىستىك ئېتىقادتا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسىتىنى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، چوڭ ـ چوڭ پرىنسىپال مەسىلىلەردە، چوڭ ھەق ـ چوڭ ناھەق ئالدىدا مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولغان. سىياسىي، ئىدىيە جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەك بولغان. ئۇ «ئىككى ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسى»نى مەھكەم تۇرغۇزۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭلىق قوغدىغان، ئۇ 1980 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ھەج ئۆمىكىنى باشلاپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى سىياسىتى ۋە مىللەت، دىن سىياسىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، تاشقى ئالاقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلغان.

ئۇ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلەتتى، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتاتتى؛ كەمتەر، ئېھتىياتچان، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل ئىدى؛ يولداشلارنى ھۆرمەتلەيتتى، چىقىشقاق ئىدى؛ تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك ـ دىيانەتلىك ئىدى. ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيتتى، شەخسىيەتسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلىتى ۋە ئېسىل خىسلىتى مەڭگۈ ئۆگىنىشىمىزگە ۋە ياد ئېتىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

يولداش ئابدۇرېھىم لېتىپ پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرى ئىدى، ئۇنىڭ ھاياتى ئىنقىلابىي ھايات، جەڭگىۋار ھايات، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ھايات. بىز بىر ياخشى پارتىيە ئەزاسىدىن، بىر مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزدىن قاتتىق قايغۇرماقتىمىز، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنى گۈللەنگەن، باي، مەدەنىي شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى.

يولداش ئابدۇرېھىم لېتىپ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات!

## ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك «خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىق قىلىنغان ياخشى خەۋەرلەر»نى باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز : ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايونلۇق «خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلغان ياخشى خەۋەر»نىڭ ئۇيغۇرچە يېزىقتا ئېلان قىلىنغان خەۋەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتى بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدا ئۆتكۈزۈلدى. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ گېزىتى» ، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» ، «شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى» ، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر باھالاش ھەيئىتى سۈپىتىدە بۇ پائالىيەتكە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

قىزغىن كېڭىشىپ ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ باھالاش، قايتا - قايتا مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» مۇخبىرلىرى كامىلجان تۇرغان بىلەن مېھرىگۈل تۇرسۇن بىرلىكتە يازغان «خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ» دېگەن ماقالە ۋە «قەشقەر گېزىتى» مۇخبىرى تۇنىسا ئوسمان يازغان «دېھقان ۋەكىلنىڭ تۆھپىسى» دېگەن ماقالە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ؛ «شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى مېھرىشاي ياقۇپ يازغان «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلىدىمۇ ۋەكىللەرنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى» دېگەن ماقالە، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» مۇخبىرى مىلاقىز بەكرى يازغان «مۇئاۋىن مۇدىر لى فېڭزى باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يېڭى «نىزام» چىقىرىش ئالدىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى» دېگەن ماقالە ۋە «شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى» مۇخبىرلىرى ئابلىمىت ئابلەت بىلەن ئابدۇرېشىت ئابدۇغېنى يازغان «پىكىر بايان قىلىش بىلەن بىرگە تەدبىر كۆرسىتىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرەيلى! » دېگەن ماقالە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئابلىكىم ئېزىز قاتارلىق ئاپتورلارنىڭ ماقالىلىرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئالتە پارچە ماقالە رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

تاھىر مامۇت

## تۇرپان شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش تەس بولۇش سەۋەبلىرى ئۈستىدە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

تۇرپان شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا يىلى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، قانۇن نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، كومىتېت ئەزالىرى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىنى تەشكىللەپ، شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى ئاڭلىدى.

يىغىنغا قاتناشقان كومىتېت ئەزالىرى ۋە باشقا يولداشلار خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى.

1 . ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش تەس بولۇشنىڭ سەۋەبى جەھەتتە داۋالاشقۇچىلارنىڭ قانۇن - تۈزۈم كۆز قارىشى يۇزە، تونۇشى چوڭقۇر بولمىغان. بەزى مەمۇرىي ئورۇنلار سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو بېجىرىشىگە ئاكتىپ ماسلاشمىغان.

2 . قىسمەن داۋالاشقۇچىلار سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان، ئۇلارنى چاقىرتسا كەلمىگەن، ئۇقتۇرۇشقا پىسەنت قىلماي ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئايرىم مەمۇرىي ئورۇنلار بىلەن شەخسلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن دېلولاردا ئورۇن رەھبەرلىرى ھوقۇقىنى قانۇندىن ئۈستۈن قويۇپ سوتقا كېلىپ دېلوغا مۇنا-

سۈەتلىك تەرەپلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلونى بىر تەرەپ قىلىشىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان.

3. سوت مەھكىمىسىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەردە بەزى ئىجرا قىلىدىغان خادىملارنىڭ كەسپىي ساپاسى تۆۋەن بولغان.

سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلار ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ئىجرا قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

2. قوشۇن قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش لازىم.

3. ئىلمىي، ئۈنۈملۈك بولغان ئىجرا قىلىش خىزمىتى مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇش لازىم.

4. پۈتۈن خەلقنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

5. بېسىلىپ قالغان دېلولارنى ئېنىقلاش ھەم تۈرلۈك دېلولارنى ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش لازىم.

ئەنۋەر مۇھەممەت

## چىرا ناھىيىسىدە خەلق ۋەكىللىرى نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشتا نەمۇنىلىك رول ئوينىدى

چىرا ناھىيىسىدە ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىشتە رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بېيىشقا يېتەكلەش جەھەتلەردە باشلامچى بولۇپلا قالماي، ئۇلارغا يەنە مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ، ئاشلىق، كېيىم ـ كېچەك، چارۋا قاتارلىق بۇيۇملارنى ياردەم قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشتىكى باشلامچىلىق ۋە نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

ئۆتكەن بىر يىلدا بۇ ناھىيىدىكى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قىيىنچىلىقى بار نامرات ئائىلىلەرگە 16 مىڭ 668 يۈەن نەق پۇل، 6434 جىڭ ئاشلىق، 4800 يۈەن قىممىتىدىكى كىيىم ـ كېچەك، 520 يۈەنلىك تراكتور مەشغۇلات ھەققى، 114 چارۋا كۈچى، 136 ئەمگەك كۈچى، 130 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت، 15 تونىنا مەھەللىۋى ئوغۇت، سەككىز تۇياق قوي، 40 جىڭ گۆش، 15 كىلوگرام ماي قاتارلىق نەرسىلەرنى ياردەم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئويناپلا قالماي، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئاممىا ئارىسىدىكى ئوبرازىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

مەتقۇربان ھوشۇر

## باي ناھىيىسىدە خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلدى

باي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ خىزمەتنى خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ بىرى ھەم پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى كۈچەيتىش، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ۋاسىتە دەپ تونۇدى ۋە رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىرىنى ئەرزىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. ئەرزىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان يولداشلار مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسى بىلەن خەلق ۋەكىللىرى ۋە ئاممىنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى ئۆزى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ سىياسەت، قانۇن ـ نىزاملارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت نازارەتچىلىكى ۋە قانۇن نازارەتچىلىكىنى ياخشى يۈرگۈزۈش

ئۇچۇن ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

1999 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 146 ئادەم ـ قېتىم ئەرز قوبۇل قىلدى. قوبۇل قىلغان، ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەردىن 76 كىشىگە قانۇن ـ نىزاملارنى چۈشەندۈرۈپ، مەسىلىنى بىۋاستە ھەل قىلدى. 51 پارچە ئەرزنى ج خ، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىپ، بۇلارنىڭ % 75 ىگە نەق مەيداندا جاۋاب بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. قالغان % 25 ئەتراپىدىكى شىكايەتلەرنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇپ، ۋاقتىدا بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى ياكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە بېجىرىش پرىنسىپى بويىچە بېجىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن تەلەپلىرىنى ۋاقتىدا، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، نامۇۋاپىق تەلەپلىرىگە چۈشەنچە بېرىپ، باي ناھىيىسىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش جەھەتلەردە زور تۆھپە قوشتى.

ئارزۇگۈل مۇھەممەت

## ياخشى ھەل قىلىنغان بىر پارچە ئەرز

ئونسۇ ناھىيە بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى بازارغا قاراشلىق ئېقىن بويى كەنتىدىكى ئاتا ـ بالا ئىككى دېھقاننىڭ كەنت پارتىيە ياچېكا شۇجىسىنىڭ ئۈستىدىن قىلغان ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ، ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ، تەكشۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەرز ـ دەۋالارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئادىل بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دەۋاغا چېتىشلىق كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئەرزدىكى ئىككى تەرەپنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، ئەرز قىلغۇچى دېھقاننى رازى، جاۋابكارنى قايىل قىلىپ، كەنتتىكى ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

ئەرز قىلغۇچى دېھقان رۇستەم روزى ۋە ئۇنىڭ قىزى ئايىمنىساخان ئەسلىدە بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، بازارلىق ئېقىن بويى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەمەت تۇرسۇننىڭ ئۈستىدە «مەن ئوسا قىلىپ، ھەيدەپ تېرىشقا تەييار قىلغان يەرنى باشقىلارغا بېرىپ مېنىڭ سۇ قويۇش، يەر ھەيدەش ئۇچۇن كەتكەن ئىش ھەققىمنى ھەل قىلمىغاننىڭ سىرتىدا بىزنى (ئايىمنىساخان) نى ئۇردى» دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىغا ئەرز قىلغانىدى. ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر ـ كادىرلار خىزمىتى كومىتېتى ئاتا ـ بالا ئىككى كىشىنىڭ ئەرزىنى بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى دائىمىي رەئىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئەۋەتكەن بولۇپ، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئىككى نەپەر رەئىسى ئالاقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن دەرھال ئەرز قىلغۇچى تۇرۇشلۇق ئورۇنغا بېرىپ، ئەرزدىكى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسى بويىچە دەۋادىكى ئىككى تەرەپنى يۈزلەشتۈرۈپ، «ھەل قىلىش پىكرى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن ئەرز قىلغۇچى تەلەپ قىلغان ئىقتىسادىي مەسىلىنى نەق مەيداندا ھەل قىلىپ، ئەرز قىلغۇچىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ خەلقپەرۋەر، ئادىل ئىكەنلىكىگە بولغان تونۇشىنى تىكلەپ، جاۋابكار ئورۇندىكى كىشىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خەلق ئىشلىرىدىكى پوزىتسىيىسىنى ياخشىلايدىغانلىقى توغرىسىدىكى پىكرىنى ئاڭلىدى ھەمدە ئەرزنى بېجىرىش ھۆججىتى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنى ئىككى تەرەپكە تارقاتقاننىڭ سىرتىدا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر ـ كادىرلار خىزمەت كومىتېتىغا مەلۇم قىلىشقا يوللىدى.

تۇرسۇن نۇر

## قىزىلگۈل قانداق ئېچىلدى؟

پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى ئۆدەكلىك يېزىسى ئۈچ يىلدىن بۇيان، يېزىنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قىزىلگۈل مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ كەلدى. ئۇنداقتا قىزىلگۈل قانداق ئېچىلدى؟

ئۆدەكلىك يېزىسى ناھىيە مەركىزىدىن 150 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چەت ـ ياقا، تەبىئىي شارائىتى ناچار يېزىلارنىڭ بىرى. لېكىن يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك بەنزىسى ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ، يېزىنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار ئىشنى قانۇن ئۆگىنىشتىن، قانۇننى تەشۋىق قىلىشتىن، قانۇننى ئىجرا قىلىشتىن باشلاپ، ئىلگىرىكى «خىزمەتلەرنى مەمۇرىي ۋاستە بىلەن بېجىرىش» تىن پەيدىنپەي قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە ئۆتتى. ئۇلار يېزىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. ئىشنى ئۆگىنىشتىن باشلاپ خادىملارنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈردى. پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداپ، قالايمىقان سېلىق سېلىش، قالايمىقان ھەق ئېلىش، جەرىمانە قويۇش يوللىرى بىلەن دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىدىغان ئىشلارنى قىلمىدى. ئۇلار 15 ـ قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈپ، دېھقانلارنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى كېڭەيتتى. شۇ ئاساستا يېزىغا قاراشلىق يەتتە ئىشخانا، 13 پونكىت، سەككىز مەكتەپ، 12 كەنتتىن ئىبارەت 37 ئورۇن بىلەن قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاپ، ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كونكرېتلاشتۇردى. يېزىلاردا زۆرۈر بولغان ئاساسىي قانۇن، يەر باشقۇرۇش قانۇنى، سۇ قانۇنى، ئورمان قانۇنى، يايلاق قانۇنى، مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، يېزا ئىگىلىك قانۇنى، ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى، ئەمگەك قانۇنى، ئاپتونوم رايوننىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى قاتارلىق 43 قانۇن، 37 نىزامنى تىزىملىك تۈرىگە ئايرىپ تىزىملاپ ئۆگىنىشنى تۇتتى. بەش قارار كۇرس ئېچىپ، 630 كىشىنى قانۇن بىلىملىرى بويىچە مەخسۇس تەربىيىلىدى. كۇرستا يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى مەخسۇس تېمىدا قانۇنلاردىن لېكسىيە سۆزلەپ، يېزىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى، مۇھىملىقى، ئۇسۇللىرى، قەدەم ـ باسقۇچلىرى توغرىسىدا توختالدى. نەتىجىدە قانۇننى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنى قوزغىلىپ، 22 ئورۇنغا پلاكات ئېسىلدى. 1360 ئورۇنغا تام دوسكىسى ياسىلىپ، قانۇندىن سوئال ـ جاۋابلار قەرەللىك ھالدا يېزىلدى. يېزىلىق رادىئو ئۇزېلى، تېلېۋىزىيە پونكىتلىرى ھەر كۈنى قانۇن تەشۋىقاتىنى ئىشلىدى. كەنت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 537 كىشىدىن ئىككى قېتىم ئىمتىھان ئېلىنىپ، نەتىجىسى ياخشى بولغانلارنىڭ تەجرىبىسى تونۇشتۇرۇلۇپ كېڭەيتىلدى. يېزا بويىچە قانۇن تەشۋىقاتىدىن بەھرىمەن بولغان ئادەم سانى 105 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ جەرياندا يەنە بۇ يېزا قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ نازارەت سەھنىسى ياسىدى. نەتىجىدە بۇ يېزىنىڭ يېزىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى بارغانسېرى قېلىپلىشىپ، ئىلمىيلىشىپ، دېھقانلار بىلەن جېدەل قىلىدىغان ئادىي، قوپال ئۇسۇللار تۈگىدى. دىنىي ئىشلار قانۇن ئىزىغا چۈشۈپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر تۈگىدى. مۇقىملىق ئۈنۈملۈك قوغدىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپى ياخشىلاندى. دېھقانلارنىڭ، كادىرلارنىڭ، رەھبىرىي خادىملارنىڭ قانۇن ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەچكە، دېھقانلارنى قالايمىقان ئىشلىتىدىغان، ئەمگەك كۈنىنى ئاشۇرۇۋېتىدىغان، يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىدىغان ئەھۋاللار يىلدىن يىلغا ئازىيىپ، دېھقانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتى كاپالەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش يىلدىن يىلغا يۈكسەلدى. قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئالدىنقى قاتاردا ماڭدى. شۇڭا بۇ يېزا ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇدا قىزىلگۈل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەچكە، ناھىيە بۇ يېزىنىڭ تەجرىبىلىرىنى باشقا يېزىلارغا كېڭەيتتى. ھازىر بۇ يېزىدا جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم بولغاچقا ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىش قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى.

**ئوبۇلقاسىم مۇھەممەت**

**بۇ سەھىپىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:**
**تاھىر مامۇت**
**تېلېفون: 61203 ـ 4828065**





رەڭگى ئۆزگىرىدىغان كۆل (قاناس)

## قازاق فوتوگراف تۇسۇپبېكنىڭ مەنزىرە
## سۈرەتلىرىدىن تاللانما



قاناس كەنتى



تەڭرىتاغ قارلەيلىسى

تونۇپبەك فوتوسى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65-1169 باھاسى 2.90 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى 0100